دورژيۋ ئەركىن ـ ئىرىگدىن

# موڭغولمۇسەن ـ هونغولمۇ

ئالمۇتا، 2015

”موڭغولمۇسەن ـ هونغولمۇ“ ـ ئالمۇتا، 2015. 56ـ ب

هۆرمەتلىك ئوقۇغۇچى، مەن ئىشىنىمەنكى سىلەرنىڭ هەر قايسىڭلار ئۆزۈڭلار، ياشاۋاتقان جايلاردىكى كۆپلىگەن يەر-سۇ، تاغ-دەريالار، شەهەر-ئىزالار، ئومۇمەن گىوگرافىەلىك نامىلارنىڭ ئىچىدە مەزمۇنىسىلەر ئۇچۇن چۈشىنۈكسىز بولۇپ كېلىۋاتقان كۆپلىگەن ئاتالغۇلار بىلەن هەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچۇرۇشۇپ تۇرىسىلەر. ئۇنىڭدىن سىرت بەزىبىر مىللەتلەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى هەققىدىكى سۇاللار سىلەرنى ئويلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ سۇاللارنىڭ كۆپىنچىسى پەقەت سىلەرنىڭلا ئەمەس، دۇنيا ئالىملىرى ـ تىلشۇناسلار-تارىخچىلارنىڭ كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى باش قاتۇرۇپ، جاۋاب تاپالماي ژۈرگەن مەسىلىلەردۇر.

© ئە. دورژىيېۋ، 2015

**ئېتىمنى قامچىلاپ ئۆتتۇم**
**چۇلۇتاي[1] غولى بىلەن**
**ئوينىساڭ تۇزۇك ئوينا**
**ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن**
**ئىلى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن**



سوۋېت ئىتتىپاقى تارقىلىپ كېتىشتىن بىرەر ئىككى ژىل بۇرۇن 1989-ژىلى بولسا كېراك، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئالمۇتا شەھەرىدىن موسكۋاغا قاراپ سەپەرگە چىقىپ قالدىم، سەپەر ژىراق،پويىزد بىلەن 4 سۇتكىلىق يول ئىدى، دەسلەپ ۋاگون بۆلۇمچىسىدا يالغۇز ئىدىم، بىر سۇتكىدىن كېيىن ئېنىمغا بىر ھەمراھ قوشۇلدى ئۆزى تاژىكىستان دىن ئېكان، نۆۋەتتىكى چوڭ ستانسىيالەرنىڭ بىرىدە بىزگە 3 يولۇۋچى قوشۇلدى، ئۇ ئۆزىنى ئۆزبەكستاندىن دەپ تونۇشتۇردى، ژىراق سەپەردە ھەمرالارنىڭ قوشۇلغىنىغا خۇشال بولدۇم، قازاخستاندىن ئېلىپ چىققان قېزا-قارتىلارنىڭ بىر ئازىنى چىقىرىپ ئۈستەلگە قويدۇم،تا جىك ژىگىتى ئۆز نۆۋىتىدە مېۋە قاقلىرىنى ۋە ئېگى پىشقان مېۋىلەرنى چىقاردى ئۆزبەكستانلىق ژىگىت ھەم بىر چوڭ قوغۇن ۋە تۇتۇندە سۈرلەگەن بىلىقلارنى سۇمكىسىدىن چىقىرىپ ئۈستەلنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويدى،

ـ ھوي بۇ سىردارьيانىڭ بىلىقلىرى ئوخشۇمامدۇ؟ دەپ سوال تاشلىدى تاژىك ژىگىتى، بىلىقلارنىڭ بىرىنى ئېلىپ پۇراپ تۇرۇپ.

ـ ياق ئامۇدارьيانىڭ بىلىقى ـ دەپ ژاۋاپ قايتۇردى ئۆزبەكستانلىق،

ـ سىز ئۆزبەكستاننىڭ قايسى ۋىلايىتىدىن بولىسىز؟

ـ قاراقالپاقستاندىن بولىمان.

ـ قاراقالپاقستاننىڭ قايسى ئېرىدىن بولىسىز؟ ـ تاجىك ژىگىتى سوئاللارنى ياغدۇرغىلى تۇردى،تونۇشۇش دېگان ئەنە شۇنداق سواللار بىلەن باشلىنىدۇ-دە ئالبەتتە.

---

[1]چۇلۇتاي ـ مونغولچە ـ تاشلىق ساي دېگەن سۆز

نۇكۇستىن بولىمان ـ پەيتاختىدىن
هەههه ـ  دەپ كۇلۇپ قويدى تاژىك

ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ كىملىكىمنى سوراشتى، تونۇشتۇق ،يول ژىراق  پاراڭلىرىمىز قىزىغىلى تۇردى،نەدىندۇر ئۇستەل ئۇستىگە بىر بۇتىلكا شاراپمۇ پەيدا بولۇپ قالدى،

ـ سەن نۇكىستىنى كەنسەن شۇ نۇكىس دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسەن ؟ دەپ سوراپ قالدى، بىر ئاز  قىزىپ قالغان تاژىك ژىگىتى كۇلكە ئارىلاش.

سېنىڭ نېما دېماكچى بولۋاتكىنىڭنى چۇشۇنۋاتىمان سەن پۇتكۇل بىر مىللەتنى ۋە ئۇنىڭ پەيتاختىنى هاقارەتلىمە نۇكىس ئاماس ئۇ شەهەرنىڭ نامى نۇكۇس.

ـ مەيلى، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، ئۇنداقتا شۇ نۇكۇس دېگان سۆزنىڭ مەنىسىنى مانا چۇشەندۇرۇپ بەرگىنە،،،،

ئۇنى تىلشۇناسلاردىن بېرىپ سوراپ ئال  دەپ تىرىكتى قاراقالپاق ژىگىتى،

بۇ سۆز تالىشىش جېدالگە ئايلىنىپ ئىككىسى مۇشلۇشۇپ كەتكىلى ئاز قالدى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، سىرتتىن ئىشىكنى ئېچىپ ۋاگون خىزمەتچىسى ـ ئايال كىرىپ كەلدى، ئىككىمىز ئاران دېگەندە ئۇلارنى پەسەيتكەندەك بولدۇق ،شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كۆپ ۋاقىت ئۆز-ئارا سۆزلەشمەي، بۆلمىدە ۋاگون چاقلىرىنىڭ تۆمۈر يولغا ئۇرۇلۇش ساداسىدىن باشقا هېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى، بۇ سۇكۇتكە ئۇزاق چىدىيالماي مەن سۆز باشلاشقا مەژبۇر بولدۇم.

ـ هەر ئىككىڭلارنىڭ خاتا، دەپ ژۇقرى تاۋۇش بىلەن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۇچۇن كارۋىتنى مۇشت بىلەن ئېنىك ئۇرۇپ قويدۇم، ئۇلار تەتۇر قاراپ ياتقان ئورۇنلىرىدىن مەن تەرەپكە قاراپ ئولتۇردى.

ـ بۇ شەهەرنىڭ نامى پارىسچىمۇ ئەمەس ،قاراقالپاقچىمۇ ئەمەس
ـ  دەپ سۆزىمنى داۋاملاشتۇردۇم بۇ شەهەر ئامۇدارЬيانىڭ بويىغا جايلاشكانلىقى ئۇچۇن بۇدەردا هازىر سىز ياۋاتقان بېلىق كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بۇ ئەتراپ سۇ قۇشلىرى غاز، ئۆردەك، ئاققۇلارنىڭ ماكانىدۇر، شۇ سەۋەبتىن بۇدەرگا موڭغوللار نۇغۇس دەپ نام بەرگەن

هەرگىزمۇ نۇكىس ياكى نۇكىس ئەمەس نۇغس سۆزى موڭگولچە ئۆردەك دېماكتۇر ــ دېدىم

شۇنداقمۇ؟ بىز بۇنى ھەژەپمۇ بىلمەپتىمىز ــ خۇددى ئاي دالادا ئالتۇن تېپىۋالغاندەك، قاراقالپاق ژىگىتىنىڭ چىرايدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

قاياقتىن كەلگەن موڭغۇل ئۇ　بۇ يەرلەرگە كېلىپ ئىسىم قويۇپ بېرىپ كەتكەن، دەپ غودۇڭشىدى تاژىك ژىگىت.

بۇ ۋەقىيە كۆپ ۋاقىتلارغىچە خىيالىمدىن كەتمىدى مېنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى «خەق نېما دەپ ئاتىسا ئاتاۋېرەمەمدۇ، چۆلدىكى يالغۇز بۆرىدەك مېنىڭ يەككە-يېگانە ھوۋلىشىم كىمنىڭ قۇلىغىغا ياقمدۇ» دېگەندەك بىپەرۋا كۆز قارىشىم ئۆزگەرگىلى تۇردى.

يەر، سۇ، تاغ، دەريا، شەھەر-يېزىلارنىڭ نامى تارىخ بىلەن چەمبەر-چاسمۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

ھازىرقى كۇندە تىل،تارىخ،گىوگرافىيا دېگەنلىرىمىز ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر پەن بولغىنى بىلەن مۇەييان شارائىتتا ئۇلار ئۆز-ئارا ئۇچرىشىپ بىر-بىرىنى تولۇقلاپ بىرىسىنىڭ نەزەرىيىسىنى يەنى بىرسى ئىسپاتلاپ تۇرغۇچى مۇھىم ئامىللاردۇر.

مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈم ياشاۋاتقان ئوترا ئازىيادىكى بەزى بىر گېوگرافىيالىقناملار ۋە بۇ نامىلارنىڭ ھازىر شۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقلەر ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىش ئۈچۈن ئىزدەندىم.

كېيىن بارا-بارا مىنىڭ ئىزدىنىش دائىرەم كۇندىن-كۇنگە كەڭىيىپ، دۇنيادىكى ئەڭ چون قۇرۇقلۇق ــ ئازىيا، ياۋروپانىڭ كۆپ قىسمىنى پىكىر دائىرەمگە كىرگۈزدىم، بۇ ئىزدىنىش قېدىمىي ھونلار (گۇنلار) ۋە ئاردىن تەخمىنەن 1000 ژىل تاشلاپ، بۇيۇك چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ژۇرىش قىلغان تارىخىي ئىزلىرىغا مېنى ساياھەتكە باشلاپ كىردى.

شەرقتە ساخالىن ئارىلىدىن باشلاپ، غەربىتە بارسىلون ۋە ئاتلانتىك ئوكياڭچە بولغان ئارىلىقتىكى كۆپلىگەن يەر-سۇ ناملىرىلا ئەمەس ئۇ ياردىكى چوڭ شەھەرلەر بەزى بىر چوڭ ئېرىم ئارالارنىڭ نامىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندىم.

ئۇنىڭدىن سىرت بۇ قۇرۇغلۇقتا ياشاۋاتقان بىر قانچە چوڭ مىللەتلەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدۈم مەسىلەن: گىوگرافىيالىق ناملاردىن ساخالىن، بارناۋل، موسكۋا، كرېملь، يالتا، كاۋكاز، بارسېلونا.

مىللەت ۋە قەدىمىي قەبىلىلەرنىڭ ناملىرىدىن ھون (گۇن، خۇن) مونغول، ئۇكراين، تاتار يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسى دۇنьيا ئالىملىرىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى دىققەت-نەزىرىنى جەلپ قىلىۋاتقان،لېكىن ھازىرغىچاڭ توغرا جاۋاب، تولۇق ئىزاھەتنى تاپالماي كېلىۋاتقان چون سىرلاردۇر. بۇ ئىزدىنىشلەرنىڭ سەۋەبى ـ ئادەتتە بۇ بىر يەر-سۇ ياكى شەھەرنىڭ نامى بولۇپ كۆرۈگەن بىلەن بۇ ناملار دەل ھازىر شۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋلەت ياكى شۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ تارىخى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر

تارىخ دېماكچى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنى بىر مىللەتنىڭ غەمقورچىسى مىللەت سۆيەرى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن باشقا بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى مەدەنىيىتىنى بۇزۇپ كۆرسىتىش ياكى ئوغرىلاش بىلەن شۇغۇللانغۇچى بازى ئىرь ئاز سانلىق ساختا تارىخچىلار ئاندا ساندا پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

بۇ كىتابنى ئېزىشىمدىكى كىچىگىرەك سەۋەبلەردىن بىرى مانا ئاشۇ ئېگى تارىخچىلارنىڭ ئار-نومۇسىنى ئازراق بولسىمۇ ئويغۇتۇشتۇر ،ئۇلارنىڭ تارىخ پېنىگە بولغان چۈشەنچىسى ئىختىيارسىز ھالدا ،خەلق ئاغزىدىكى بىر رىۋايەتنى ئېسىمگە چۈشۈردى،

ياش شاگىرت بىر كۈنى ئۇستازىدىن سوراپتۇ:

ـ ئېيتىڭىزچۇ دۇنьيادا نېمىنىڭ رەسىمىنى سىزىش بەك ئوڭاي؟

جىن-شەيتاننىڭ ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىرى ئۇستاز ھېچ ئويلانماستىن،

ـ نېمە ئۈچۈن؟

ـ چۈنكى بۇ دۇنьيادا جىن-شەيتاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھېچ كىم يوق شۇنۇڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رەسىمىنى كىم قانداق سالسۇن ھېچ كىم ئۇنىڭغا سەن سىزغان سۆرەت جىن-شەيتانغا ئوخشىماي قاپتۇ،دەپ ئېيتالمايدۇ دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ ئۇستاز،

مېنىڭ يازماقچى بولۇۋاتقان بۇ كىتاپچەم ھەر خىل مەۋزۇلارغا

بىغىشلانغانلىغى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردەك بىر سيۇژىتكە سىغدۇرۇش مۇمكىن بولمىدى، بۇ كىتابتىكى ھەر بىر باب ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ مۇستەقىل مەزمۇنغا ئىگەدۇر، ئۇنىڭدىن سىرت بەزى ھاللاردا بىرلىرى بىلسىمۇ كۆپ ئادەم بىلمىۋەرمەيدىغان تارىخىي پاكىتلارنى تەكرار يېزىپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلىۋاتىدۇ. ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنى توغرا چۈشۈنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 2

2010-ژىلى ئاۋگۇست ئېيىدا بولسا كېراك مونغولىيا پەيتاختى ـ ئۇلانباتور شەھىرىدە مونغوللارنىڭ دەسلەپكى دۆلىتى قۇرۇلغۇنغا 2220ژىلىلىق يۇبىلېى ۋە خەلق ئارا موگغولشۇناسلارنىڭ 10-قۇرۇلتىي بولۇپ ئۆتتى، (ژىل ـ ئاي ـ كۈنلەردە خاتا بولۇشى مۇمكىن چۈنكى بۇ كۈنلەرنى ئېسىمدا قالغان بويىچە ئېزۋاتىمان) بۇ ئەمەلىيەتتە مونغوللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بولغان ھون ئىمپېرىياسىنىڭ قۇرۇلۇشى يۇبىلېى ئىدى.

ژىغىنغا خەلقئارا «يۇنېسكو» تەشكىلاتىنىڭ رەسى قەدەم تەشرىپ قىلدى، قۇرۇلتاي مىنبىرىدە سۆزگە چىققان مونغولىيا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ پرېزىدېنتى-ئىلۋىگ دورج: ھون دېماك- مونغول دېمەكتۇر، مونغول دېگىنىمىز ھۇن دېماكتۇر دېدى،بۇ سۆز بۈگۈنكى كۈندە خەلقارادا ھونلار توغرىلىق تالاش تارتىشلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىق سەۋەبىدىن ئېيتىلغان سۆزدۇر.

ھونلار ۋە مونغوللار تارىخى توغرىلىق دۇنيا ئالىملىرى ھەر خىل پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ بەس مۇنازىلەرنى توختۇشۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدىنقى شەرت «ھون»ۋە «مونغول» سۆزىنىڭ نەدىن كېلىپ چىققانلىقى،ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە خەلقنى تولۇق ئىشەندۇرەلەيدىغان پىكىر يوق.

بۇ ھەقتە كۆپ كىشىلەر ھازىرمۇ قاتتىق باش قاتۇرۇپ كەلمەكتە،شۇ سەۋەبتىن بۇ قېتىم شەخسەن ئۆزۈمنىڭ ئوي پىكىرلىرىمنى جامائەت

بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە،چوڭ مۇنازىرە مەيدانغا ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق كۆردۇم ،

بۇريات مونغوللارنىڭ پەيتاختى ـ ئۇلان ئۇدې شەھەرىگە ئېقىن يەردە ھونلارنىڭ 2500 ژىل بۇرۇنقى شەھەر خارابىسى بار، ئۇ يەرلەردىن قېزىپ ئېلىنغان 400گە ئېقىن قىزىق ئېكسپوناتلار بۇرياتىنىڭ تارىخ مۇزېيدا ساقلىنىپ كەلمەكتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدى 2000 ژىل بۇرۇن ئىشلەڭەن بۇيۇملار، بۇرياتىيادا ھونلارنى ئىلمي تاتقىقات قىلىش ئۇچۇن قۇرۇلغان مەخسۇس ھونلار فوندى مەۋجۇت.

شۇ سەۋەبتىن بىرЬيات مونغوللىرى ھونلەر-دېگەن بىز، ھونلار تارىخى بىزنىڭ تارىخىمىز دەيدۇ،بىراق بەزى بىرЬيات ئالىملىرى «ھون» سۆزى بىرЬياتچە «كۇن» دېگان سۆزدىن يانى «ئادەم»دېگان سۆزدىن كېلىپ چىققان دەپ ھۆكۇم چىقىرىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى بىرЬياتلار مونغوللارنىڭ كۆپلىگەن قەبىلىسىنىڭ بىرسىنىڭ نامىدۇر، «ئادەم» سۆزى مونغول تىلىدا «كۇن» ئەمەس «كۇمۇن» دەپ ئېيتىلىدۇ «كۇن» سۆزى مونغول تىلىدىكى «كۇمۇن» سۆزىنىڭ بىرЬياتچە دىالېكتىدۇر شۇ سەۋەبتىن بىرЬيات ئالىملىرىنىڭ «ھون» سۆزى «كۇن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن پىكرىگە قوشۇلمايمان.

رۇمЬIنىيادىن قېزىپ ئېلىنغان ھونلارنىڭ قەبرىسىدىن ھونلارنىڭ باش سۇڭىكىنى تەتقىق قىلغاندا، ھونلار-مونغولوىد يانى مونغۇل ئىرقى-نەسلىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان، ئېرامىزنىڭ 4 ئەسىرىدە ياشغان رىم تارىخچىسى ئاممان مارسېللىن ھونلار موڭغوللارنىڭ ئويرات-قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان چۇنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىكىلىسى سول قۇلىقىغا ھالقا تاققان دەيدۇ.

رۇس تارىخچىسى ئا، ئا، ۋاسىلЬئېۋ ھونلار 4- ئەسىردىكى ياۋايى ۋە ئۇرۇشقاق موڭغۇل قەبىلىسى دەيدۇ.

ھونلارنىڭ «ئاتىللا»ئىسىملىك داھىيسى بولغان، مارسېللىنىڭ يېزىشىچە ئاتىللا «ئىلدىك» دېگان گۇزەل قىز بىلەن بولغان ئۆزىنىڭ ئۆيلىنىش تويىدا شاراپنى كۆپ ئىچىۋاتكانلىكتىن ئۆلگەن دەيدۇ، بېزىلەر شاراپقا زەھەر قوشۇپ بېرىلگەنلىكتىن ئۆلگەن دىشىدۇ

شېكسپىرنىڭ بۇ ھەقتە يازغان سەھنە ئەسىرى ئوينالمىغان بۇ دۇنيادا سەھنە ئاز بولسا كېراك.

سىلاۋيانلاردە بەزىدە «ئو» ھەرپى يېزىلىپ، ئېتىلىشتا «ئا»دەپ ئوقۇلغاچقا ئوتىللا ـ ئاتىللا دەپمۇ ئاتىلىدۇ «ئوتىللا»سۆزىمۇ ياۋروپپاچە بولۇپ ئەسلى ئېتىلىشى ئۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن،ئەينى زاماندا ھونلارنىڭ ئازىيا ـ ئېۋروپپا قۇرغۇلۇقنى بېسىۋېلىشى، ئەمەلىيەتتە چىنغىسخاننىڭ غەربكە ژۇرىشىدىن تەخمىنەن 1000 ژىل بۇرۇنقى. موڭغوللارنىڭ تۇنجى قېتىم غەرىپنى ـ ياۋروپانى بېسىۋېلىشى ئىدى، ئۇلار ئىتالىيانىڭ شىمالى قىسمىنى، فرانسىيا، ئىسپانىيا، قاتارلىق تېرىتورىيالارنى بېسىۋالدى، ھازىر ياۋروپادىكى ژىرىك شەھەرلەرنىڭ بىرى بارسېلونادۇر.

بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئېرامىزدىن بۇرۇنقى 30ژىللاردا گامىلكار دېگان ئادەم تەرىپىدىن دەسلەپكى ئۆي سېلىش بىلەن باشلانغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ يەر قىلىن چاتقاللىق ۋە ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ياشايدىغان جاڭگاللىق بولغان.

ئومۇمەن ھازىرقى زاماندىكى ھەر قانداق ژىرىك شەھەرنىڭ ئورنى بىر زامانلاردا ياۋايى چاتقاللار باسقان تىڭ يەرلەر ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز، بەزى ئاخباراتلاردا يېڭىدىن قۇرۇلۇشقا باشلانغان بۇ كېلەچەك شەھەرنى ئەنە شۇ گامىلكار دېگان ئادەم ئۆز ئائىلىسىنىڭ شەرىپىگە بارسېلون دەپ ئاتىغان،دەپ يېزىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن بارسېلون دېگان سۆزنىڭ ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار ئېكانلىگى توغرىسىدا ھېچقانداق ئېنىقلىما بىرىلمىگان، بارسېلون سۆزى گامىلكالارنىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمىمۇ ياكى ھەممە ئاچىسىنىق نامىمۇ، بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئىزاھەت يوق.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئىسپانىيالىك بىر ئائلە بىلەن بىر ئۇستەلدە ھەم دەستەرخان بولۇپ ئولتۇرۇپ ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم،ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىلىسى ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىي كىشىلەر ئىدى،مەن ئۇلاردىن ئىسپان تىلىدا بارسېلون دېگان سۆز نېما مەنانى بىلدىرىدۇ؟ دەپ سوراپ قالدىم ئۇلار دولىسىنى كېسىپ بىر ئاز كۇلۇشۋاغاندىن كېيىن، بىلمەيمىز بۇ ھەقتە ئويلاپمۇ كۆرمەپتىمىز. ھەجىبا بۇ شەھەرگە قىزىقىپ قاپسىز؟ دېيىشتى. ئىسپان تىلىدا مەنەسى بولمىسا موڭغۇل تىلىدا مەنەسى بار دېسام

ئۇلار تېخىمۇ كۆلۈپ كەتتى،ئۇلار مېنى چاخ-چاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالسا كېراك.

ئۇلار بارسېلون ـ سۆزىنىڭ موڭغۇل تىلىدا قانداق مەنىسى بار ئىكەنلىكى ھەققىدە چوخچىلاپ سوراشتۇرۇپ كەتمىدى،ئارىدىن بىر نەچچە ژىل ئۆتۈپ،شۇ چاغدا ئىسپانلىقلارغا بارسېلون سۆزىنىڭ نەدىن چىققانلىقى ھەققىدىكى ئېيتىپ ئۆلگەرمىگەن پىكرىمنى،قەغەز يۈزىدە ئەمدى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

بارسېلون شەھىرىنىڭ ئەندىلدىتىن سىلىنىشقا باشلانغان ۋاقتى،موڭغوللانىڭ بوۋىلىرى هونلارنىڭ بۇ زېمىننى بېسىۋالغان دەۋرىگە تەخمىنەن توغرا كېلىدۇ يۇقۇردە ئېيتىپ ئۆتكۈنۈمدەك، بۇ شەھەرنىڭ ئورنىدا بۇرۇن قېلىن چاتقاللىق ياۋايى ھايۋانلار كۆپ بولغان.بولۇپمۇ يولۋاس كۆپرەك ياشىغان جاي بولۇشى كېرەك.

شۇنۇڭ ئۈچۈن هونلار بۇ يەرنى موڭغۇل تىلىدا «بارس ئولون» ئەنىي يولۋاس كۆپ يەر دەپ ئاتىدى. كېيىنەرەك «بارس ئولون» دېگەن سۆز «بارسىلون»بولۇپ يەرلىك خەلق تىلىدا ئېيتىلىپ كەتتى.

ئەگەر مېنىڭ بۇ پىكرىم كۆپچىلىكتەرىپىدىن ماقۇللانسا هونلارنىڭ قايىسى تىلدا سوزلەشكەنلىگى توغرىسىدا تالاش تاتىشلار شۇنىڭ بىلەن تامام بولىدۇ دېگەن ئۈمۈتتە مەن.

ئەمدى «هۇن» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش ھەققىدە توختىلايلى:

موڭغوللار 16-ئەسىردە ئىككى گۇروھقا بۆلۈنۈپ ئۇزاق ژىللار بىر-بىرى بىلەن ماجىرالىشىپ كەلگەن تىبەتلىكلەرنىڭ بىرىغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق دالاي لامانى ھاكىمىيېتكە تۇرغۇزدى.ۋە 1578-ژىلى موڭغوللار ئۆزلىرىمۇ بۇددا دىنىنى رەسمىي تۇردە قوبۇل قىلدى،ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلار تەڭرىچىلىق يانى كۆك تەڭرىگە چوقۇناتتى. ئۆزلىرىنى بولسا كۆك تەڭرىدىن چۈشكەن كۆك بۆرىنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ھىسابلاتتى، بۇ ھەقتىكى رېۋايەتلەر موڭغوللار ئارىسىدا ھازىرمۇ مەۋجۇت. خۇددى شۋېد ۋە نورۋېگىيالىقلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى غەربىتىكى دېڭىز-دەريا سۈيولىرىدىكى غوجانلىقنى ئۆز قولىگا ئالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى-ئۆزلىرى «ۋىكىڭلار»-بىز پادىشاھلار دەپ ئاتىغانىغا ئوخشاش مونغوللارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئۆزلىرىنى كۆك تەڭرىدىن چۈشكەن كۆك بۆرىنىڭ ئەۋلادى-بۆرىلەرمىز دەپ ئاتىغان. بۆرە سۆزى موڭغولچە «چون» دەپ ئاتىلىدۇ،كېيىنەرەك

بۇ «چون»سۆزى ئۆزلىرىنىڭ ئېقىن قوشنىسى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۆزتىلىغا لايىقلاشتۇرۇپ «ھون» دەپ ئاتىلىپ كەتتى.

بۇ ئۆزگىرىشكە ئانچە ئەجەبلىنىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق،چۈنكى ئۇيغۇرلار ئۇ ياقتا تۇرسۇن موڭغوللارنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان، بىرЬياتلارمۇ ئۆز دىيالېكتىدە «چون» ـ بۆرە سۆزىنى «شون» دەپ ئاتايدۇ. زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن، ھونلار بېسىپ كىرىمگىچە ئۇلار بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ كۆرمىگەن ـ ژىراغراق يەرلەرگە ئورۇنلاشقان خوشنىلىرى بولسا، بۇ بىر قېتىم ئۆزگەرتىلگەن «چون» سۆزىنى ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن تېخىمۇ ژىراقلاشتۇرۇپ «گۇن» «خۇن» دەپ ئاتاشقا باشلىدى مېنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم،خىتايلار ۋە رۇسلاردۇر.

خىتايچە نەق «ھون» دەپ يېزىلغان ئىروگلىف يوق بولغاچقا ئۇلار «گۇن» دەپ ئاتايدۇ. بەزىدە ئەسلىدىكى سۆزدىن بىرلا ھېرىپ ئۆزگىرتىلىپ كەتسە ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتى، نەدىن چىققان سۆز ئېكانلىگىگە ئىسپاتلاپ چىقىش بەكمۇ قىيىنغا توختايدۇ.

11

مەسىلەن قازاقىستاندىكى ئېكىباستۇز دېگەن شەھەر بار،بىر قارىماققا تولۇقى بىلەن قازاقچە سۆز،يانى ئىككى باشلىق تۇز، بىراق بىرئاز ئويلىنىپ كۆرسەك ـ بىزنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىز يەر ـ سۇلارغا ئات قويۇشنى ياخشى بىلگەن ئۇلار ئىككى باشلىق تۇز ياكى ئۈچ باشلىق تۇز، دەپ يەر ئىسمىنى قويماسلىقى كېراك ئىدى، چۈنكى تۇزدا باش نېمە ئىش قىلسۇن، مېنىڭچە بۇ، «ئىككى باست ئۇس» ـ «جاپاسى كۆپ دەريا» دېگەن موڭغولچە سۆزدىن كېلىپ چىققان، بۇ يەردە ئېرىتىش دەرياسى كۆزدە تۇتۇلغان، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى سۆز ئاخىردىكى بىرلا ھېرىپ س، ز ھەرپى بولۇپ ئۆزگۈرۈپ كەتكەن،ئۇنىڭدىن باشقا، شەرقى قازاقىستان ئوبلاستىدە «خاتۇن قارغاي» دېگەن رايون بار ھەممىگە مەلۇمكى قارىغاينىڭ خوتۇن ياكى ئەركىگى بولمايدۇ. بۇ ھەم موڭغولچە «خاتۇخارغاي» يانى قاتتىق قارىغاي دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ «خاتۇ» سۆزىنىڭ ئاخىرىغا بىرلا ھېرىپ «ن» قوشۇلۇشى بىلەن ئەسلىدىكى مەزمۇن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن.

قازاقىستاندا بۇنىڭدىن سىرت «ماڭغىستاۋ»ناملىق ئوبلاستЬ

بار، قازاق تىلىدا «ماغىس» دىگەن سۆز مەۋجۇت ئەمەس، «مانغىس» دىگەن سۆز موغۇل تىلىدا «ئالۋاستى» دىگان مەناغا ئىگە شۇنىڭ ئۈچۈن «ماغىستاۋ» سۆزىنىڭ ئەسلىدىكى توغرا ئىيتىلىشى «ماغىستاي» بولۇپ، مونغول تىلىدا ـ ئالۋاستى بار يەر دىگان مەنانى بىلدىرىدۇ. قازاقىستاندىكى يەنە بىر ئوبلاستىنىڭ نامى قوستاناي دەپ ئاتىلىدۇ، قوستاناي دىگەن سۆز قازاق تىلىدا هىچ قانداق مەناغا ئىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىيتىلىشى «خۇستاي» بولۇپ «نا» قوشۇمچىسى قوشۇپ ئىلىنغان، بۇ سۆزنىڭ موغۇل تىلىدىكى مەزمۇنى ـ قىنىزارلىق. ئالمۇتا ئوبلاستىدا «باقاناس» دىگەن رايون بار بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدىكى توغرا ئىيتىلىشى «باغاناس» ئۇنىڭ مەنىسى ياش، ياش ئۆسمۈر دىگانلىك، بۇنداق مىسالار ئەتراپىمىزدا ئاز ئەمەس.

هازىر ئورتا ئازىيادا ياشاۋاتقان تۈركى تىللىق كۆپلىگەن خەلق ئۆزلىرىنى هونلارنىڭ ئەۋلادى دەپ هىسابلايدۇ، ياۋروپادىكى ۋىگىرلار، ئۆزلىرىنىڭ هۇنلاردىن تارقانغانلىغىنى ئەگە ئالغۇزۇش ئۈچۈن يۇنىسكىغا ئەرز سۇندى.

بولغارلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىگى ـ تەكتىنى هونلاردىن ئىزدىمەكتە، بۇ خەلقلەرنىڭمۇ كۆپچىلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ كىلىپ چىقىش تارىخىنى خۇددى موغۇللارنىڭكىگە ئوخشاش كۆك تەڭرىدىن چۈشكەن كۆك بۆرىگە باغلايدىغان رىۋاياتلەر مەۋجۇت.

بۇ بىر تەسەددىي ئەهۋال ئەمەس، بىر زامانلاردا بۇ خەلقلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى هازىرقى موغۇليا تىرىتورىياسىدا موغۇللار بىلەن يانمۇ ـ يان ياشىغان ۋە شۇ تۇپراقتىن هەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى دۇنيانىڭ هەر تەرىپىگە كۆچۈپ بىرىپ ئورۇنلۇشۇپ قالغان.

بەلكىم ئۇلار ژىراق ئۆتمۈشتە موغۇللار بىلەن بىر تىلدا سۆزلەشكەن يىقىن قىرىنداشلار بولۇشى ئىهتىمالىغا ناهاتى يىقىن، 14 ـ ئەسىردە ياشىغان پارس تارىخچىسى راشىد ـ ئەد ـ دىن تۈركى خەلقلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى موغۇللار دەپ ئاتىغان .

قازاق خەلقىنىڭ بۈيۈك تەپەككۇر پەرزەنتى رىالىست شائىرى ئاباي قۇنانبايۇ (1845 ـ 1904) قازاقلارنىڭ ئەسلى كىلىپ چىقىشى تىگى ـ تەكتى موغۇلدىن دەپ ئىيتقان. بۇ هەقتە قازاق خەلقىنىڭ

كىلاسسىك يازغۇچىسى سەبىت مۇقانوۋنىڭ ئوچىرىكلەر توپلىمى ،قازاقچە نەشرىگە قاراڭ.

مانا مۇشۇ موڭغوللار بىلەن تۇركى خەلقلىرىنىڭ ژىراق ئۆتمۇشتە بىر خەلق بولغانلىقىنى ئىسپاتلەش سۇپىتىدە گەرچە ئارىدىن مىڭلىغان ژىللار ئۆتكەن بولسىمۇ تاھازىرغىچە موڭغۇل ۋە ئۇيغۇر تىللىرى ئارىسىدا ئوخشاش ۋە ئاساسەن ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىپ بىردەك مەزمۇن بىلدۇرىدىغان تېرمىنلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ تىزىملىكىنى يېزىپ ئۆتمەكچىمەن.

قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىدىن موڭغۇل تىلى بىلەن بىردەك ئىپىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىغا قارىغاندا كۆپ بولۇشىغا قارىماستىن ئۇيغۇر تىلىنى تاللاپ ئىپلىشىمدىكى مەخسەتلەرنىڭ بىرىسى پەقەت ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل تىلىدىلا مەۋژۇت بولغان «غول» دېگان ئاتالغىدۇر، سەۋەبى بۇ كىتاپچامىنىڭ مەۋزۇسى كۆپ ئەسەرلەردىن بىرى، دۇنЬيا ئالىملىرى يېشىپ بېرەلمەيۋاتقان «موڭغۇل» سۆزىنىڭ سىرىنى ئىچىشتا، مانا مۇشۇ موڭغۇل ۋە ئۇيغۇر تىلىغىلا تەئەللۇق «غول» ئىبارەسى زور رولЬ ئوينايدۇ،دەل شۇ سەۋەبلىك بۇ كىتابىنى «غول» سۆزى ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى بىلەن باشلىدىم.

يۇقىرىدا «ھون» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى توغرىلىق ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن ئىدىم، ئەمدى بۇ ئەسەرنىڭ مەۋزۇسى بولغان «موڭغۇل» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

«موڭغۇل» سۆزىنىڭ مەنەسى ھەققىدە،دۇنЬيادا كۆپلىگەن ئالىملار ئۇزاق ژىللار باش قاتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا، بىراق ھازىرغىچا ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىدە كىشىنى ئىشەندۇرگىدەك ھېچقانداق لوگىكا (مەنتەقە) ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ئۇلار:

1ـ موڭغول ـ سۆزى گرېكچە مىگالىون يانى «ئۇلۇغ» دېگان سۆز دەيدۇ.

2ـ موڭكوغال ـ موڭغولچە ـ مەڭۇلۇك يالقۇن.

3-مىڭغۇ - خىتايچە بۇ سۆزنى تەرجىمە قىلىشنى ئورىنسىز كۆردۈم.
4-موغالو-موڭغولچە ـ ئېلان ۋە ئەژدىهار
5-منوگو-رۇسچە كۆپ دېگەن مەنادا.
6-مىڭ قول
7-مۇغۇل «موڭگول» سۆزىنىڭ پارسى تىلدىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى

كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى ئۇلارنىڭ پىكىر دارىسى سۆزنىڭ بېشىدا «م» هەرپى بولۇش شەرتىنىلا ئاساس قىلغان. بۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ هەممىسى ئىنسانلارنىڭ بۇ سىرنى يېشىش ئۈچۈن توختىماي ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى هەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. مەنمۇ بۇ هەقتە ئۇزاق ژىللار داۋامىدا كۆپ ئويلاندىم،ۋە بۇ ئىزدىشلىرىمنىڭ نەتىژىسىنى پەقەت ئالىملارنىڭ ئەمەس ئادەتتىكى ئاددىي ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ دىققەت نەزەرىگەت هاۋالە قىلدىم.
موڭغۇل سۆزى يازما ئەدەبىياتلىرىدا تۇنجى قېتىم خىتايلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى (ئېرامىزنىڭ 618-907 ژىللىرى) دەۋرىدە يېزىلغان تارىخىي هۆجەتلەردە ئۇچرايدۇ، بۇ دېماك موڭغوللار شۇ كۆرسىتىلگەن دەۋرلەردىن ئاللا بۇرۇن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ بولغان دېگانلىكتۇر. موڭغۇل سۆزى «مون» ۋە «غول» دېگان ئىككى سۆزنىڭ قوشۇللىشىدى هاسىل بولغان بىرىكمە سۆزدۇر، «غول» سۆزى موڭغۇل ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا بىردەك ئىككى خىل مەناغا ئېگا؛

**1-دەريا، ساي 2- ئاساس، مەركەز**

**ئەمدى مۇشۇ هەر ئىككى مەنە توغرىسىدا پىكىر ژۈرگۈزۈپ كۆرەيلى؛**

**1-«غول» داريا، ساي**

گېوگرافىيالىق خەرىتىلەردە جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىدىن باشلاپ، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيانىغىچە ،شەرقتە ياپون دېڭىزىدىن باشلاپ، غەربىتە ئورتا ئازىيا چوڭ قۇرۇغلۇقدا «مۆڭ» ياكى»مون»

دەپ ئاتىلىدىغان بىرەر دەريا ياكى ساي تاپالمىدىم. ئەگەر تېپىلىپ قالغان تەقدىردە «موڭغۇل» دېگان سۆز «مون» دەريياسى ئەتراپىدا ياشىغۇچىلار، دېگان خۇلاسىغا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋارىيانت بويىچە ئارتۇقچە پىكىر  ژۈرگۈزۈشتىن ۋاز كەچتىم.

## 2ـ«غول» ئاساس، مەركەز، دېگەن ئۇقۇم بويىچە پىكىر ژۈرگۈزۈپ كۆرەيلى.

بىر تىلدىكى مەلىم ئاتالغۇنى ئىككىنچى بىر خەلق قوبۇل قىلغاندا بىرەر تاۋۇشنى ئۆز تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ ئېلىش، بۇ ئادەتتىكى بىر هالەت.

مەسىلەن: نېمىسچە هامبۇرگ ياكى هېنرى دېگان سۆزنى رۇسچە گامبۇرگ ۋە گېنرى  دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى رۇس تىلىدا «ه» هەرپى- تاۋۇشى يوق.

ئالېكساندر دېگان ئىسىمنى پارىسلار ـ ئىسكەندەر دەپ ئالسا، خىتايلار يالىشاندا دەپ ئاتايدۇ، يالىشاندا دېگەن سۆزنىڭ ئالېكساندر دېگان سۆزدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېيتمىگىز ئادەتتىكى خىتاي تىلىنى بىلمەيدىغان بىرسىمۇ ئىشەنمەيدۇ. «چون» ـ «بۆرە» سۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىلا ئىشتۇرۇلۇپ «هون» دەپ ئېلىنىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن ،موڭغوللارنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان  بىر ۑيات موڭغوللار ئۆز دىيالىكتى بوىچە «چون» يانى «بورى» دېگەن سۆزنى «شون» دەپ ئاتايدۇ  شۇ سەۋەبتىن «چون» سۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «هون» دەپ ئالغانلىقىغا كۆپ گۇمان قىلىشقا بولمايدۇ ،تۈركى تىللىق خەلىقلەردە «غول» دېگەن سۆز پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىلا مەۋژۇت ۋە موڭغۇل تىلى بىلەن بىردەك مەناغا ئېگە، ئۇ بولسىمۇ ئاساس ۋە مەركەز رۇسچە ئېيتقاندا ستېرژېنۑ. ژۇقىردىكى پاكىتلارغا ئاساسان تولۇق ئىشەنچ بىلەن  تۆۋەندىكى خۇلاسەۋى پىكىرلىرىمنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇغا قويالايمەن.

1ـ موڭغوللار ۋە كۆپلىگەن،تۈركى تىللىق خەلىقلەردە ئۆزلىرىنى كۆك تەڭرىدىن چۈشكەن كۆك بۆرىدىن تارالغانلىقى هەققىدە رىۋايەت

مەۋژۇت. هون دېگىنىمىز «چون» يانى «بۆرە» دېگان سۆزدىن كېلىپ چىققان.

كۆك تەڭرى ـ دېگىنىمىز كۆك ئاسماندۇر ياكى كوسموستۇر

2.«موڭغۇل» ئاتالغۇسى «هون غول» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان ،بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «بۆرىلەرنىڭ ئاساسى مەركىزى» كۆچمە مەنە بىلەن ئېيتقاندا بۆرىلەرنىڭ ئېتەكچىسى دېگان سۆزدۇر، خالاس ـ تارىخىدىن ئازىراقلا خەۋەردار ئادەم بۇ سۆزۈمگە هېچقانداق شەك ـ شۈبهە كەلتۈرەلمەيدۇ.

بۆرىلەرنىڭ يېتەكچىسى رۇس تىلىدا ۋوژاك ۋولكوۋ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بېرىلگەن «هون غول» سۆزى موڭغۇل سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالدى. تۆۋەندە بۇ «بۆرىلەرنىڭ» موڭغۇل ۋە تۈركى خەلقىرىنىڭ قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا بىر تىلدا سۆزلەشكەن قېرىنداش خەلق ئىكانلىگىنى ئىسپاتلاش سۈپىتىدە، موڭغۇل ۋە ئۇيغۇر تىلىدا هازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان ئورتاق سۆز تېرمىنلارنىڭ بىر ئاز قىسمىنى ژىغىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققەت نەزىرىگە تەغدىم قىلدىم.

# 4

بۇنىڭدىن بىر نەچچە ژىل ئىلگىرى مېنىڭ تاتار قېرىنداشلىرىم ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى «بولغار»دەپ ئۆزگەرتىپ ئەگە ئالغۇزۇش ئۇچۇن بۇ ھەقتىكى خەلقئارا دىكى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتقا رەسمىي تۇردە ئەرز يوللىدى. بىراق بۇ ئەرز رەت قىلىنىپ تاشلاندى،تاتارلار نېمە ئۇچۇن مىڭ ژىلدىن بېرى ئۆزلىرى كۆتۈرۈپ ژۇرگەن نامدىن ۋەز كاچمەكچى بولۇپ قالدى؟ ئۇلارغا نېمە ئۇچۇن بولغار دېگەن نام يېقىپ قالدى؟ دېگەن سواللىر مېنى ئۇزاق ئويلاندۇردى،ئىزدەШتۇرۇپ كۆرسەم ئۇلار تاتار دېگەن سۆزنىڭ چىن مەنىسىنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

گرىف تىمۇرزاتوۋىچ خايرۇللىنىڭ «تاتارلار تارىخى» ناملىق كىتابىغا قۆز ژۇرگۇتۇپ چىقتىم، ئۇنىڭدا «تاتار» دېگەن سۆزنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن «تات» « يات» يانى يات ئادەم دېگەن سۆزدىن قالغان ،دەپ يېزىپتۇ. خىتايلاردا «تات» ياكى «يات» دېگەن سۆز ئومۇمەن مەۋژۇت ئەمەس «تات» «يات» دېگەن سۆزلەر پەقەت تۈركى تىللىق خەلىقلەرگىلا مەنسۇپ ،خىتاي تىلىدا يات ئادەم ياكى يات ژۇرتلۇق ئادەم دېگەن سۆزنى بېرىن ياكى بولمىسا كونا خىتاي تىلىدا ياڭرىن دەپ يازىدۇ ،ھازىرقى زامان خىتاي تىلىدا چەت ئەللىك دېگەن سۆزنى «ۋەي گورېن» دەپ ئاتايدۇ.

تارىخى ئەسەرلەرگە كۆز ژۇرگۇزۇتسەك ،تاتارلار ئۆتمۇشتە موڭغوللار بىلەن يانمۇ يان قويۇن-قولتۇق بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن خەلق،ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتقاندا بىر يايلاقتا مېلى قوشۇلۇپ،بىر ياستۇقتا بېشى قوشۇلۇپ ئۆتكەن خەلق ئىدى. مىللەتلەرنىڭ نامى ئاساسى جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆزىگە قويغان نام ئەمەس، خۇددى ئېڭىدىن تۇغۇلغان بالا ئۆزىگە ئۆزى ئات قويالمىغانغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرى يېقىن خوشنىلىرى تەرىپىدىن بەزى بىر ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ قويۇلغان لەقەمدۇر، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ھەر بىر مىللەت ئۆزلىرىگە دۇنьيادىكى ئەڭ چىرايلىق ۋە ھەممىگە چۈشۈنىشلىك ئىسىملارنى قويۇۋالغان بولار ئىدى.

«شەجەرەي تۈرك» كىتاۋىنىڭ ئاۋتورى ئۆزبېك تارىخچىسى چىڭگىسخانىنىڭ 16-ئەۋرىسى ئابۇلغازى باھادۇرخان (1603-1664)نىڭ

يىزىشچە نوھ پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ئالانچاخاندىن قوش گېزەك ئىككى ئوغۇل تۇغۇلغان، بۇ باللارنىڭ ьئىرىنىڭ ئىسمى موڭغۇل يانا بىرىنىڭ ئىسمى تاتار ئىكەن.

مېنىڭچە «تاتار» دېگەن سۆز تارىختا بۇ خەلقنىڭ ئەڭ يېقىن قوشنىسى،بەلكىما ئەڭ يېقىن قېرىندىشى،موڭغۇللار تەرىپىدىن بېرىلگەن نامدۇر.

«تاتار» دېگەن سۆز موڭغۇلچە «تاتۇۋر» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان «تاتۇۋر» دېگەن سۆز موڭغۇللارنىڭ جانلىق تىلىدا «تاتۇر» دەپ ئاتىلىدۇ «تاتۇر» دېگان سۆزنىڭ مەناسى «باج-سېلىق» يانى سېلىق ژىققۇچى دېگەنلىكتۇر، رۇسچە ئېيتقاندا نولوگوۋىك، نالوگوۋ ыي ئىسنسپېكتور دېگەن سۆزدۇر، بۇ نامدىن ئۇيۇلىدىغان نېمىسى بار؟ دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ھازىرقى زاماندىمۇ ئۆتمۈش زاماندىمۇ سېلىق ژىققۇچىلار ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى مۇھىم ۋە ھۆرمەتلىك ئادەملەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ، دۇرۇس سېلىق ژىققۇچىلارنى ئۆتمۈش زاماندا سېلىق تۆلەشنى خالىمايدىغان ئادەملەر ئۇلارنى «ۋارۋار» لەر يانى ياۋايى بۇلاڭچىلار دەپ ئاتىغان.

ھازىرقى زاماندىمۇ دۇنьيانىڭ ھەممە يېرىدە سېلىق تۆلەشتىن قاچىدىغان،ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس. ئۇ زاماندا موڭغۇللارنىڭ سالىدىغان سېلىق مىقدارى بار-يوقى 9%ئىدى. بۇنداق سېلىقنى ھازىرقى دۇنьيادىكى ئەڭ باي دۆلەتلەردىمۇ ئۇچرىتىش تەس، مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى نامىدىن ۋاز كېچىش كېراكمۇ؟ بۇ يەردە گەپ ئەنە شۇ «تاتار» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكتە.

ئادەمزات ئارىسىدا ھېچكىم ئۆزىنىڭ دانىشمەنلىكىدىن ئۆز ئاتا-ئانىسىنى ئۆزى تاللاپ ئېلىپ بۇ دۇنьياغا يارالغان ئەمەس، دېمەك ھېچ كىم ئۆز مىللىتىنى بەلكىم بار ئۆز دىنىنى ئۆزى تاللاپ بۇ پانىغا يارالغان ئەمەستۇر.

شۇنىڭغا قارىماي ھەر كىم ئۆز مىللىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئاتىلىپ قالغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ ،ئىزدىنىدۇ، مىللەتنىڭ نامى چىرايلىغاراق ئاتىلىپ قالغان بولسا ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ، سەتىرەك ئاتىلىپ قالغان بولسا ئۇنى ئۆزگەرتىپ، ئاڭلاشقا ئېقىملىق

18

ئىزاھەتلەرنى ئىزدەشكە تىرىشىدۇ،كۆپلىگەن ئالىملار ئۇ ياكى بۇ مىللەت نامىنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن باشلىرىنى يۈز ژىللاپ باشلىرىنى تاتىلاپ كەلمەكتە.

مىللەتلەرنىڭ نامى خۇددى يېڭىدىن تۇغۇلغان بالا ئۆزىگە ئۆزى ئەمەس باشقىلار تەرىپىدىن ئىسىم قويغاندەكلا نەرسە، ھەر مىللەتنىڭ نامى ئاساسى جەھەتتىن شۇ مىللەتنىڭ ئېقىنلىرى-قېرىنداشلىرى-قولۇم قوشنىلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ بەزى بىر ئالاھىدىلىكلىرى، ياشاۋاتقان يەر شاراىتى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ تۈرى، تۇرمۇش دەستۇرى خۇلقى-مۇجەزى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن بېرىلگەن لەقەمدۇر، ئۇنداق بولمىغاندا ھەر بىر مىللەت ئۆزىگە دۇن ьيادىكى ئەڭ ئېقىملىق ئىسىملارنى قويۇۋالغان بولار ئىدى،بەزى مىللەتلەرنىڭ نامى ،ئارىدىكى جىدەل-ماجىرالاردىن كېيىن كۈچلۈك قەبىلىلەر ئۆزىدىن ئاجىزلارنى سەت تىللار بىلەن ھاقارەتلەپ بۇ يېقىمسىزناملار ئاستا-ئاستا ئاشۇ مىللەتنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قالغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ،بۇنداق ھاللاردا بۇنىڭغا رەنجىپ نومۇسلىنىپ بۇ نامىلارغا ئىسلاھەت ۋە چىرايلىق ئىزاھەت ئىزدەپ ژۈرۈشنىڭ ھاژىتى يوق،چۈنكى بۇ ئۇزاق تارىختىكىمىڭلىغان ژىللار بۇرۇنقى ۋەقەلەردۇر،شۇ دەۋردىكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ كۆز قارىشىنى ھازىرقى زاماندىكى چۈشەنچىمىز بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشقا ھەققىمىز يوق.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بىر مىللەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ يېڭى بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەڭەنلەر ھەم بار ،ئۇلار ئەلۋەتتە ئۆز مىللىتىگە چىرايلىق ناملارنى بەردى ،مەسىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ھىندى مىللىتىدىن ئايرىلىپ چىققان بىر گۇرۇپپا خەلق تىلى،مەدەنىيتى، تۇرمۇش دەستۇرىنىڭ ئاساسى جەھەتتىن بىر بولۇشىغا قارىماي ئۆزلىرىگە «پاك ستان» ـ ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمەيدىغانلار دېگان ئىسىمنى قويىدى، دەل شۇ سەۋەب بىلەن خىتايلاردىن ئايرىلىپ چىققان خەلق بولسا ئۆزلىرىگە «دۇڭگان» يانى «شەرقتىكى پاكىزلار» دەپ ئات قويىشتى، ئۇلارنى باشقىلار ئۆز تىلىگا لايىقلاشتۇرۇپ «تۇڭگان» ياكى «دۇڭان» دەپ ئاتاپ كېتىشتى.

خوپ ئەمدى سۆزنى تاتار قېرىنداشلىرىمغا قايتىدىن يۆتكاپ كېلاي، ئۇلار ئۆزلىرىگە «بولغار» دېگەن نامنى ئالدى دەيمۇ ئويلايلى، ئەتە-ئۆگۈن ئاشۇ «بولغار» دېگەن سۆزنىڭ «تاتار» دېگەن سۆزگە قارىغاندا سەت مەنە بېرىدىغان تېرمىن ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ قالماسلىقىقا كىم كاپالەت قىلالايدۇ، ئۇ چاغدا نېمە قىلغۇلۇق؟

رۇسلارنىڭ ئورتا ئەسىر تارىخىدا «موڭغول-تاتار چاپقۇنچىلىغى» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ باب بار، مەن بۇ يەردە بۇ چاپقۇنچىلىقنى ئاقلىماقچى بولۇۋاتقىنىم يوق،بىراق مانا مۇشۇ موڭغول-تاتار چاپقۇنچىلىغى ئەينى زاماندا ھەر تەرەپتە ھەر كىم ئۆز ئالدىغا ئايرىم كىنەزلىكلەرنى قۇرۇپ يىتراپ-چېچىلىپ ژۈرگەن رۇس خەلقىنى بىر مەركەزگە بېقىندۇرۇش ئارقىلىق، ھازىرقى رۇسىيا دۆلىتىنىڭ ئاساسى سېلىندى، پۈتكۈل رۇسلارنىڭ تۇنجى پادىشاسى-ئىۋان گروزنىي ـ 1530 ژىلى 25 ئاۋگۇست كۈنى تۇغۇلغان.

يانا شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى «تاتار» نامى چىڭگىزخان دەۋرىدىن تالاي زامان بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن.

خەيرۇللىن ئەپەندىنىڭ «تاتارلار تارىخى» ناملىق كىتاۋىدىكى يەنە بىر پىكىر «كاۋكاز»سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى مۇلاھىزە، ئاپتورنىڭ بۇ توغرىلىق يازغان پىكرىگە ھەم تولۇقى بىلەن قوشۇلمايمەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە «كاۋكاز» سۆزى «كاي-كاس» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ مەناسى ـ يار تاشلىق تاغ دەيدۇ، مەن تاتار تىلىدا يېزىلغان يازما ئەدەبىياتلاردىن تولۇق پايدىلانالايمەن، مەيلى تاتارچە بولسۇن مەيلى ئۇنىڭدىن باشقا تۈركى تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلىدا بولسۇن «كاي-قاس» دېگەن سۆز يار تاشلىق تاغ دېگەن سۆز دېسىڭىز، بۇ سۆزگە ئىشىنىدىغان بىرەر ئادەم تېپىش تەس، بۇ سۆزدە پەقەت «كا» تاۋۇشىلا «كاۋكاز» سۆزىنىڭ بىرىنچى تاۋۇشىغا ئوخشايدۇ خالاس. بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئات قويۇشنى ياخشى بىلگەن، بۇ دۇنيادا يارتاشسىز تاغ بولامدۇ؟ ئەگەر تاشلىرى بولمىسا بىز ئۇنى تاغ ئەمەس «دۆڭ» «تۆپە» دەپ ئاتايمىز.

«كاۋكاز» دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدىكى «خاۋخاس» دېگان سۆزدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ مەنىسى-تۇۋاق (چاينەك-قازاننىڭ قاپقىغى) ئۆگىزە، دېگانلىكتۇر، رۇسچە ئېيتقاندا كىرەكىشاھ، ئادەملەر ئېگىز

تاغلارنى ئەنە شۇ قاپقاق ئۆگىزلەرگە ئوخشۇتۇپ كەلگەن. دۇنЬيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغ بولمىش گىمالايىنى كىشىلەر دۇنЬيانىڭ ئۆگىزىسى دەپ ھەم ئاتايدۇ بېزىلەر. بۇ يەردە موئغولچە ئات نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ دەپ گۇمانلاسماغلىغى ئۇچۇن بۇ كاۋكاز تېغىدىكى چوڭ بىر ساينىڭ ھەم موئغولچە نام ئالغانلىقىنى مىسالغا كەلتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇ بولسىمۇ «كارمادون» سېخىدۇر كارمادون دېگەن تېرمىن «خارمودون» قارا ياغاچ دېگانلىك، دېمەك «كارمادون» دېگەن ساي نامىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ـ «قارا ياغاچلىق ساي» دۇر.

سوۋېت ھوكىمىتى ئۆمۈر سۈرگەن 70 ژىل جەريانىدا غەربېتە كالىنىگرادتىن باشلاپ، شەرقتە ياپون دېڭىزىغا قەدەر قانچىلىك يەر، سۇ، تاغ، چوققۇلارنىڭ نامى كومۇنىسچە ۋە رۇسچە ئاتىلىپ كەتتى، بىز ھەممىمىز بۇنىڭ گۇۋاچىلىرىمىز. موئغوللارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بولغان ھونلار دەۋرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا. چىڭگىسخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئازىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇغلىقىنىڭ ئاساسى قىسمىنى 300 ژىل ئىدارە قىلغانلىقىنى ئەسكە ئالساق، بۇ زېمىندىكى كۆپلىگەن يەر-سۇلارنىڭ، شەھەر-يېزىلارنىڭ، موئغولچە ئاتىلىپ كەتكەنلىكىگە گۇمان كەلتۇرۇشكە بولمايدۇ. قارا دېڭىزنىڭ بويىدا «ئابخاز» دېگەن مىللەت ۋە ئابخازىيا ناملىق رېسپۇبلىكا بار،ئۇلار ئۆز نامىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى قانداق چۈشەندۇرۇۋاتقانلىغى ماڭا نامەلۇم،مېنىڭ ئويىمچە «ئابخاز» سۆزى ھەم «خاۋخاس» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ «كاۋكازلىقلار» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۇرىدۇ.

خەيرۇللىن ئەپەندى «تاتارلارنىڭ تارىخى» كىتاۋىنىڭ ئاخىرىدا كەمتەرلىك بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرىنى سورىغان ئېكەن، شۇ سەۋەبتىن ژۇقۇردىكى قۇرلارنى يېزىشقا مەژبۇر بولدۇم. بۇنىڭ ئۇچۇن تاتار خەلقىنىڭ كۆرنەكلىك ئالىملىرىنىڭ بىرى بولغان خەيرۇللىن ئەپەندى ماڭا ئانچە رەنجىپ كەتمەس دەپ ئويلايمەن.

# 5

تۈركى خەلقلىرى «قالماق» دەپ ئاتاپ كەتكەن مىللەت-موڭغوللارنىڭ ناھاتى كۆپ قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامىدۇر،ئۆكۈنۈشكە قارشى ھازىر ئورتا ئازىيادا ياشاۋاتقان، تۈركى تىلداش خەلقلەرنىڭ بەزى بىرلىرى «قالماق» سۆزىنى «موڭغۇل» نامى بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇش، ئۇلارنىۆز-ئارا چاتاشتۇرۇش ئەھۋالى پات-پات ئۇچۇرشۇپ تۇرىدۇ «قالماق» سۆزىنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى ئەسلى ئېتىلىشى ـ «خەلمىك» مەنىسى «چاچ قويۇۋالغان» «سىكىلەك» دېگەنلىكتۇر. ئۆتمۈشتە ئورتا ئازىيا خەلقلىرىنىڭ ئەرلىرى ھەممىسى دېگۈدەك چاچلىرىنى ئۇستىرا بىلەن قىرىپ ئايدىڭباش بولۇپ ژۇراتتى. خەلمىكلەر بىرىنچى بولۇپ چاچ قويۇپ باشقىلاردىن ئالاھىدە بولۇپ كۆزگە چېلىققاچقا ئۇنىڭ موڭغۇل قېرىنداشلىرى ئۇلارغا «خەلمىك» دېگان لەقەمنى بېرىپ بۇگۈنكى كۈندە بۇ لەقەم ئاستا-ئاستا بىر مىللەتنىڭ نامى بولۇپ قالدى. بۇ كۆز قاراش بىلەن بۇگۈنكى دۇنЬياغا نەزەر سالسىڭىز، تازلاردىن باشقا ھەممىمىز «خەلمىق» يانى قالماقمىز. خەلمىكلەرنى رۇسلار كالمىك دەپ ئاتىسا شۋېدلەر كالمۇك دەيدۇ. رۇسلارنىڭ ئارىسىدا «كالمىكوۋ» يانى «قالماقلار» دېگەن فامىلىيا كۆپ ئۇچرايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھېچ كىم ئەجەبلىنىپ كەتمەيدۇ «خەلمىق» سۆزىنى ئۇنىڭ تۈركى قېرىنداشلىرى ئۆز تىللىرىغا قولايقلاشتۇرۇپ «قالماق» دەپ ئاتاشنىڭ نەتىجىسىدە ئەسلى مەزمۇن ئۆزگىرىپ كەمسىتىدىغان-كەينىدە قېلىپ قالغان، دېگەن مەناغا ئايلىنىپ قالغان ئەمەلىيەتتە قالماقلار (خەلمىكلەر) ھېچكىمنىڭ كەينىدە قېلىپ قالغانلىقى ئۇچۇن بۇ نامنى ئالغىنى يوق، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقا قېرىنداشلىرىدىن بۇرۇنۇراق ئۇزۇپ ياۋروپپا قىتЬئېسىگە بېرىپ ئورۇنلىشىۋالغان بىردىن-بىر ئاز زىيالىقلاردۇر. ھازىر قالماقستان رېسپۇبلىكىسى رۇسىيا فېدېراسىياسىگە بېقىنىدۇ، پەيتەختى ـ ئېلىستاي شەھىرىدۇر قالماقلارنىڭ رۇس تارىخىدا ئوينىغان رولى ئالاھىدە، ستېپان رازىن، ئېمىليان پۇگاچېۋلار باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاكتىۋ قاتناشقان.

ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن ئەسەرلىرىدە قالماقلارغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىدۇ، ئۇ ئۆزى توغرىلىق يازغان ئاۋتوپورترېت «مەن ھەيكەل ئورناتتىم» دېگەن بىر كۇپلېت شېئىرىدە «چۆللەر دوستى قالماق» دەپ يازسا «كاپىتان قىزى» پوۋېستىدا قالماقلارنىڭ بۇركۇت بىلەن قوزغون ئارىسىدىكى سۆھبەت ئاساسىغا قۇرۇلغان خەلق رىۋايىتى ئالاھىدە ھۇزۇر بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ.

كۆپلىگەن جەڭلەرگە بىۋاستە قاتناشقان رۇس پادىشاھى پېتر 1 قول ئاستىدىكى قالماق ئاتلىق ئەسكەرلىرى پولكىنىڭ بىرىنىڭ كوماندىرىدىن؛ سىلەر جەڭگە كىرىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەندە «ئۇررا» دېگەن ئەجەپ جەڭگىۋار شۇئارنى توۋلاپ ھەممە بىردەك ئالغا ئىلتىلدىكەنسىلەر بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىدۇ «ئۇررا» دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدا «ئۇرراگشا» يانى «ئالغا» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتمىسى بولۇپ، بۇ موڭغۇللارنىڭ ئەسىرلىرنىڭ بىرى جەڭگە ئاتلانغاندا قوللىنىپ كەلگەن جەڭگىۋار چاقىرىقى ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پولك كوماندىرى.

بۇ سۆز پادشا-پېتر 1 گە ناھايتى يېقىپ قالغان بولسا كېراك،ئۇ دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ رۇس سولداتلىرى جەڭگە كىرگەندە «ئۇررا» چاقىرغىنى توۋلاشقا ئۈندەيدۇ.

ۋلادىمىر ئىلьئىچ لېنىننىڭ مومىسى ھەم قالماق قىزى بولغان، يانى لېنىننىڭ دادىسى - ئىلьيا نىكولايېۋىچنىڭ ئانىسى قالماق قىزى ئىدى، مانا مۇشۇ سەۋەبتىن سوۋېت ھاكىمىياتىنى قۇرۇپ كۆپ ئوتاماستىنلا، چەت ئەل دېگاسىيالىرىدىن تۇنجى بولۇپ، سۇخى باتۇر باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار ۋە كىللەر ئۇمىگنى قوبۇل قىلىپ،موڭغۇل خەلق رېسپۇبلىكىسىنى مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلدى.

بۇ بىر تەبىي يۈز بەرگەن ئەھۋالمۇ نەتىجىدە 1924 ژىلى موڭغۇل خەلق رېسپۇبلىكىسى قۇرۇلدى.

رۇسلارنىڭ كلاسسىك يازغۇچىسى ـ تۇرگېنېۋنىھەمما ئادەم بىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ رۇسلاردىن سېلىق ژىققۇچى-تۇرگۇن ئاتلىق موڭغۇلنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ھەممە بىردەك بىلمەۋەرمەيدۇ، «تۇرگۇن» دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدا «تىز» «چاققان» دېگەن مەنانى

بېرىدۇ. قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستىدا ھەم «تۇرگېنЬ» دېگان جاي بار.

بۇ يەردە «تۇرگېنЬ» سۆزى تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن ساي ياكى دەريانىڭ تېز ئاقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ موڭغۇل ۋە رۇسلار ئارىسىدىكى تارىخي مۇناسىۋەتلەر كۆلچىكىنىڭ بىر تامچىسىدۇر.

رۇسىيا ۋە ئۇكرائىنىدىكى كۆپلىگەن گېوگرافىيالىق ناملار-چوڭ-كىچىك شەھەرلەر، تاغ-دەرЬيا، كۆل-ۋە ئورمانزارلىقلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئاتىلىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى تارىخى سىرلار تا بۈگۈنكى كۈڭە قەدەر ئۆزىنى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن يوشۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەممىنى ژىغىپ بىر-بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت ۋە جاپالىق زېھنى ئەمگەك كېرەك.

چۈنكى كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى بىر خەلقنىڭ تىلىدا قويۇلۇپ كەتكەن ئىسىملارنى ئىككىنچى بىر خەلق قوبۇل قىلغاندا ئەلۋەتتە ئۇلار ئۇنى ئۆز تىلىغا لايىقلاشتۇرۇپ ئەسلىدىكى سۆزلەرنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، نەتىجىدە بەزى ناملارنىڭ تىگى-تەكتىنى تېپىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ، بۇ خۇددى جاپالىق ئارخىوگىيالىق قېزىشلاردىن كېيىن تېپىپ ئېلىنغان قاچا-قومۇچلار سىنىغىنىڭ ئەڭ كېرەك بولغان بىرەر ئىككى پارچىسى تېپىلمىغانغا ئوخشاش، كىشىلەرنى ئاۋارىچىلىككە سالىدۇ.

ياۋروپا-ئازىيا چوڭ قۇرۇغلۇقتىكى كۆپلىگەن گېوگرافىيالىق ناملار، ھازىر شۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ تىلىدا ھېچقانداق مەنە بەرمىسە ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى بېرىۋاتقان ئىزاھەتلىرى كىشىلەرنى تولۇق ئىشەندۈرەلمەيدىغان-گۇمانلىق چۈشەنچىلەر پەيدا بولغان تەقدىردە بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى فرانسۇز تىلىدىن ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى موڭغۇل تىلىدىن ئىزدەش لوگىكىلىكتۇر،ئۇنىڭ سەۋەۋى ئاددىي؛ بىرىنچىدىن بۇ زېمىننى موڭغوللار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بولغان ھونلار بى نەچچە ئەسىر ئىگىلەپ تۇرغان، ئىككىنچىدىن ئۇ زاماندا ياشىغان ئادەملەرنىڭ ئاھالە سانى بۈگۈنكى كۈڭە قارىغاندا بىر نەچچە ئون ھەسسە ئاز بولغانلىقتىن ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىگىسىز دالا بولۇپ ھېچكىم كېلىپ بۇ يەرلەرگە گېوگرافىيالىق ئاتالغۇلارنى

بېرالماس ئىدى،پەقەت كۆچمەن چارۋۇچىلارلا بۇ ئىگىسىز دالالارغا بىرىنچى بولۇپ كۆچۈپ كېلىپ ئۆز ماللىرىنى بېقىپ ژۇرگەچكە كۆپ يەرلەرنىڭ نامى ئەنە شۇ كۆچمەن موڭغوللار تەرىپىدىن بېرىلگەندۇر. ئۇ زاماندا هازىرقى دەۋلەت چېگارا دېگەن ئۇقۇملار ئومۇمەن مەۋژۇت بولمىغان.

مەن بۇ كىتابنىڭ ئۇكرانىنا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۆلمىدە بەزى يەرلەرنىڭ نامى توغرىلىق سۆزلەپ كەتكەن ئىدىم، تۆۋەندە ئۇنى تولۇقلاپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

1ـ موسكۋا.

1147ـژىلى سىنЬتيابرЬدا كنيازЬـيۇري دولگورۇكوۋ تەرىپىدىن هازىرقى موسكا شەهىرىنىڭ ئورنىدا دەسلەپكى ئۆيلەر سېلىنىشقا باشلىدى، ئارىدىن تەخمىنەن 100ـژىل ئۆتكەندىن كېيىن Ьئۇ يەرنى موڭغوللار بېسىۋالدى،ئۇ چاغدا هازىرقى موسكۋانىڭ كونا مەللىرىدىن بىرى بولغان ئارباتتا ئون نەچچە ئۆي بولسا كېەك،موڭغوللار بۇ يەرنى ئاربات دەپ ئاتىدى، ئاربات ـ موڭغۇل تىدىدا «ئونلۇق» دېگانلىك،كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنى بېزىلەر نېمىس تىلىدىكى «ئاربايتىن» يانى ئىشلەش دېگەنسۆزدىن كېلىپ چىققان دېيىشۋاتىدۇ. كۆچمەنلەر قويۇپ كەتكەن نامغا قارىغاندا،هازىرقى زاماندىكى تەرەقى قىلغان مىللەتنىڭ قويۇپ بەرگەن ئىسمى ژۇرەككە يېقىن تۇيۇلىشى-بۇ بىر چۈشۈنەرلىك ئەهۋال.بىراق هازىرقى «ئاربات» نامى بىلەن موڭغولچە «ئاربات» سۆزنىڭ ئارىسىدا بىرمۇ هېرىپ ئۆزگىرىش يوق. ئەمدى «ئاربايتىن» سۆزى بىلەن «ئاربات» سۆزىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ،شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تارىخنى ئەسكە ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ،هەرهالدا بۇ ئىككى جارىيانىنىڭ قايسىسى توغرا ئىكەنلىكىنى تاللاپ ئېلىش مەسىلىسىنى ئالىملارنىڭ ئار-نومۇسىغا قالدۇردۇم.

موسكۋا-ئاتالغۇسىنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىغى هەققىدە رۇس ئالىملىرى بىر نەچچە ئەسىر باش قاتۇرۇپ كەلمەكتە. ۋە بۇ هەقتە كىشىنى ئىشەندۈرەللۇگىدەك بىرەر جاۋاب هازىرغىچە يوق. مېنىڭچە «موسكۋا» دېگەن سۆز موڭغولچە «مودسЫكوۋا» سۆزدىن كېلىپ

چىققان مەنىسى-دەراخزارلىق تۆپە (روشىۋايا خولما).

كرېملь ـ بۇ سۆنىڭمۇ رۇس ۋە باشقا سىلاۋيان تىللىرىدا ئىزاھەتى يوق، «كرېملь» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «كرېم» سۆزىدىن كېلىپ چىققان مەنىسى-تام، سېپىل، دېگەنلىك.

كرېملь ـ سۆزى ئاڭلانغاندا ھەممە ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا بىر نەچچە مۇنارى بار ۋە كېيىنكى زامانلاردا ئۇنىڭغا سائات ئورنۇتۇلغان قىزىل تام سېپىل كۆز ئالدىغا كېلىدۇ.سەددى چىڭ سېپىلىمۇ موڭغوللار خىتاي كرىمي دەپ ئاتايدۇ، دېمەك كرېملь سۆزى ھەم موڭغوللار تەرىپىدىن بېرىلگەن «سېپىل»دېگەن سۆزدۇر. پەقەت سۆزنىڭ ئاخىرىغا رۇسچىلاشتۇرۇپ «ل» قوشۇپ ئېلىنغان.

2ـ ساخالىن

رۇس تىلىدا مەناسى يوق، بۇ سۆز،موڭغولچە «ساخال» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان يانى «ساقال»دېگەنلىك ،خەرىتىگە قارىسىڭىزمۇ چوڭ قۇرۇغلىقتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئاخوت دېڭىزىگە جايلاشقان، بۇ ئارال بىر ئاز بوسىمۇ ساقالنى ئەسلىتىدۇ.

3ـ بايكال ـ موڭغولچە ئېيتىلىشى «بايگال» تەبىئەت دېگەن سۆز.

4-بارناۋل ـ موڭغولچە ـ «يولۋاس تېغى» دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ.

5-ئىركۇتسك «ئىركۇت» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان موڭغولنىڭ ئىسمى.

6-كاۋكاز ـ موڭغولچە «خاۋخاس» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، تۇۋاق، ئۆگىزە، دېگەن مەنەدا.

7-كارمادون ـ كاۋكاز تېغىدىكى چوڭ سايىنىڭ نامى، «خارمودون»دېگان موڭغولچە سۆزدىن كېلىپ چىققان مەزمۇنى-قارا ياغاچ.

8ـقىرىم (يېرىم ئارال) بۇھەم «كرېملЬ» دېگەن سۆزگە ئوخشاشلا «كرىم» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، مەزمۇنى ـ تام، سېپىل.

9ـيالتا (قېرىم يېرىم ئارالىدىكى چوڭ شەھەرنىڭ نامى) بۇ سۆز موڭغۇلچە «يالتاي» سۆزدىن كېلىپ چىققان مەزمۇنى ـ گۇناھكار، جىنايەتچى.

10ـكاراچۇن ـ توغرا ئېيتىلىشى خاراچون «قارابۆرى» دېگانلىك.

11ـتيۇمېنЬ (شۇ ناملىق شەھەر ۋە ئوبلاستىنىڭ نامى)ئەسلى ئېيتىلىشى ـ تۇمەن «ئون مىڭ» دېگەن سۆز.

12ـئاستراخانЬ ئەسلى ئاتىلىشى ئەستەرخان موڭغۇل خانىنىڭ نام.



13ـئۇرال دەرЬيانىڭ نامى،ئازىيا ۋە ياۋروپپا قىتەلەرنى بۆلۈپ تۇرغىچى چېگرا سىزىقى،ئۇنىڭ ئەسلى ئېيتىلىشى ئورЫIل «قويۇلۇش»دېگەن سۆز يانى كاسپىي دېڭىزغا قۇيۇلۇش دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بۇنداق مىسسالرنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋېرىشكە بولاتتى بىراق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىممەتلىك ۋاختىنى كۆپ ئالغىم كەلمەيدۇ.مەسىلەن ئومسك،تومسك،نادىم، تولا، تايگا، بۇ شەھەرلەر ۋە چەكسىز ئورمانلىقلارنىڭ نامى موڭغولچە ئاتالغىلاردۇر. مەن ژۇقىردا پەقەتلا خەلقنىڭ كۆپىنچىسى بىلىدىغان گېوگرافىيالىق ناملارنىڭ بىر نەچچىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم،بۇلارنىڭ ھەممىسى رۇسىيا ۋە ئۇكرانىنا تېرىتورىياسىدىكى يەرلەر.

ئاردىن تالاي ئەسىرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ،شۇنچە كۆپ يەرلەرنىڭ موڭغولچە نامىنىڭ تاھازىرغىچە ساقلىنىپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تارخى جەريانى مېنىڭچە بولسا بۇ پەقەت چىڭگىسخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ژۇرۇشىدىن قالغان ناملار بولماستىن بۇ ناملارنىڭ بىر قىسمىمۇنىڭدىن 1000 ژىل بۇرۇنقى ھونلار دەۋرىدىن قالغان ئاتالغۇلاردۇر،شۇنىڭ ئۇچۇن بەز بىر گېوگرافىيالىق ناملار ھونلار تەرىپىدىن بىر قېتىم بېرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ئاردىن تالاي

ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن چىڭغىزخان ئەۋلادلىرى بۇ يەرلەرگە 2ـقېتىم كەلگەندە موڭغولچە ناملارنى قايتىدىن بېرىپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ، بۇنىڭغا ئورتا ئازىيادىكى ئىككى چوڭ دەريانىڭ ناملا مىسال ئۇچۇن كۇپايە بولالايدۇ؛

1ـئامۇداريا ـ ئەسلى ئېيتىلىشى ئامۇر دەريا موڭغۇل تىلىدىكى مەناسى ـ تىنچ دەريا، ئامۇ، ئامۇر سۆزىنىڭ پارسچە تەلەپپۇزى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھونلار تەرىپىدىن بۇ دەرياغا بېرىلگەن نام ـ جەيخۇن، موڭغولچە ـ كەڭ دەريا دېگەن سۆز.

2ـسىرداريا موڭغولچىسى سەردەريا (سەر ئىن غول) «سەر» سۆزى ـ تۇزلەڭلىك دېگان سۆز،يانى تۇزلەڭلىكتىكى دەريا دېگان مەنانى بېرىدۇ، «سىر» تېرمىنى «سەر» دېگەن سۆزنىڭ پارسچىلاپ بۇزۇلۇپ ئېلىنىشى نەتىجىدە «سەر» سۆزى تۇركى خەلقلىرىنىڭ تىلىغا سىڭىشىپ كەتكەن پارسچە ئاتالغۇغا ئايلىنىپ «مەخپىي» دېگەن سۆزنىڭ سىنونىمىغا ئايلىنىپ كەتكەن، بۇ دەرياغا ژىراق ئۆتمۇشتە ھونلار تەرىپىدىن بېرىلگەن نام ـ سەيخۇن، بۇ سۆزنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى مەزمۇنى ـ گۇزەل، گۇزەل دەرbيادۇر.

# 6

بۇلتۇر قولۇمغا ئۇكرائىنىدا 2005 ژىلى بېسىلغان بىر كىتاب چۈشۈپ قالدى، بۇ كىتابىنىڭ نامى «چىڭىسخان-كىۋلىك كىساكىنىڭ ئوغلى» ئاۋتورى ئالېكساندر سىنۇخوۋ.

كىتابىنىڭ ماۋزۇسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى-چىڭىسخان ـ ئۇكرائىنىيالىق ياھۇدىمىش، ئاۋتور چىڭغىسخاننىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى تارىخي كىتابلاردا يېزىلىپ كەلگەن ،ئەل ئاغزىدا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئېيتىلىپ كەلگەن ئىسوگەي ئەمەس ئىساك ناملىق كىيىلىك ياھۇدىي دەپ يېزىپتۇ. 2000-ژىلى ئامېرىكىدىكى دۇنьيا جاماەتچىلىكىنىڭ پىكرىنى، بەلگىلىك ئىلمىي پرىنسىپلار بويىچە تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتىنىڭ خۇلاسىسى بويىچە پۈتكۈل ئادەمزاتنىڭ ئاخىرقى مىڭ ژىللىق تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئادىمى بولۇپ چىڭغىزخان تاللاپ ئېلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئىنساننىڭ قايسى مىللەتكە تەئەللۇق ئىكېنلىگى توغىرسىدىكى تالاش-تارتىش بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيدى، بۇ پاسكىنا بەس-مۇنازىرلاردىن ئۆزۈمنى ژىراق تۇتۇشقا تىرىشىپ ژۈرگەندە يەنە بىر چۆچەككە دۇچ كەلدىم، مۇنداق مۇنازىرىلەرنى مېنىڭدىنمۇ كۆپ كۆرگەن بولۇش كېرەك، رۇس كىنو رېژىسسورى سېرگېي بودروۋ ئۆزىنىڭ چىڭگىسخان ھەققىدە چۈشەرگەن تارىخي فىلьمىغا، مۇشۇنداق تىنتقىسىز بىر مۇنازىرىلەرگە ئاخىرقى توچكا قويۇش ئۈچۈن «موڭغۇل» دەپ ئات قويدى، بۇ ھەم تەسىر قىلمىغان بولسا كېرەك، ئەمدى بولسا چىڭگىسخاننىڭ مىللىتى ياھۇد بولۇپ چىقىپتۇ، مەيلى، چىڭگىسخان ياھۇدى بولسا، ئۇ ھەم مۇمكىندۇر، بىراق ئاۋتور چىڭگىسخاننى ياھۇد قىلىپ ياساپ چىقىش ئۈچۈن كەلتۈرگەن بىرلا پاكتى موڭغۇللارنى ھاقارەتلەشتىنلا ئىبارەت بولغان، ئۇنىڭ پىكرىچە دۇنьيانىڭ شۇنچە چوڭ قۇرۇغلۇقىنى شۇنچە ئۇززاق ۋاقىت ئىدارە قىلغان ئادەمنىڭ كۆچمەن-چارۋىچى دۆت موڭغۇللاردىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنۇڭ ئۈچۈن ئۇ جەزمەن دانىشمەن، ئەقىللىق ياھۇد خەلقىدىن چىققان دەيدۇ، راست ياھۇدىلار ھەم دانىشمەن، ھەم ئەقىللىق خەلق،

تارىختىن بىرى كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتقان ۋە تارتىۋاتقان خەلق، مەن ئۇلارنى چوڭقۇر ھۆرمەت قىلىمەن، ياھۇد خەلقىدىن كۆپلىگەن ئەر ۋە ئايال دوستلىرىم بولدى،ئۇلار بىلەن ھازىرغىچە يېقىن ۋە ياخشى مۇناسىۋەتتىمەن،بىراق ئامال قانچە تارىخ ئۇ تارىخ. يالغان تارىخ ياساپ چىقىش ئۇچۇن ياكى ھەر قانداق باشقا باھانە سەۋەب بىلەن بولسۇن، پۇتۇنسۇرۇك بىر مىللەتنى ھاقارەتلەش ـ بۇ مەدەنىياتسىزلىكلا ئەمەس، بۇ ئالدى بىلەن ساۋاتسىزلىقنىڭ ئالامەتىدۇر.

سۆز قوغلىساق سۆز چىقىدۇ، بىر پىكىردىن يېڭى بىر پىكىر پەيدا بولىدۇ «چىڭگىسخان ـ كىيۋلىق ئىساكنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆز تۆۋەندە مېنىڭ تارىختا موڭغۇللار بىلەن ئۇكراينلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، ئۇكراينا نامىلىق گېوگرافىيالىق ئۇقۇم ۋە ئۇكراينا مىللىتىنىڭ باشقا سلاۋيان خەلقلىرىدىن بولۇنۇپ چىقىپ ئايرىم مۇستەقىل بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگىزىپ بۇ قۇرلارنى يېزىشىمغا سەۋەب بولدى.

ئۇكراينلىقلارنىڭ تىلى، دىنى، چىرايى، شەكلى، ئۇرپە ـ ئادىتى،ئاساس جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، سلاۋيان خەلقلىرىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئايرىم بىر مىللەت بولۇپ قېلىشىغا موڭغۇللارنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ئۇكراين تىلى رۇس تىلىغا قارىغاندا پولياك تىلىغا يېقىن كېلىدۇ ھەر ئىككىسى بىر تاغنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان، بۇ تاغنى ئۇكراينلار «زاكارپاتى» دېسە پولياكلار «زاكاپانى»دەپ ئاتايدۇ. ژۇقىردا ئېيتىلغان سۆزلىرىمگە تۆۋەندىكى ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن؛

1 ـ ئۇكراينلىقلارنى باشقا سلاۋيان خەلقلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ فامىلىياسىدۇر، ھەممىگە مەلۇمكى ئۇكراينلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ فامىلىسى «ئىنكو» قوشۇمچىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ۋە بۇ قوشۇمچە سۆزنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىرەر ئۇكراينلىق ياكى باشقىلارنى ئۇچراتقىنىم يوق. مەسىلەن بونداربنكو، ستېپانېنكو،ئېۋداكىمېنكو، تىماشېنكو، تاتارېنكو موڭغۇل تىلىدا «ئىن» قوشۇمچىسى «نىڭ» دېگەن مەناغە

ئېگە، يانى بىر نەرسىنىڭ ئىككىنچى بىر نەرسىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىدۇر، «كو» بولسا موڭغۇل تىلىدا بالا دېگەن سۆز بولۇپ «ئىنكو» نىڭ بالىسى دېگەن چۈشەنچە بېرىدۇ، باترىنكو باتۇرنىڭ بالىسى، قويچېنكو ـ قوينىڭ بالىسى.

ئىچكى موڭغۇلدا مالچېنكو دېگەن ئاتاقلىق يازغۇچى بولغان «پايانسىز-يايلاقتا» «يول» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاۋتورى، مالچېنكو-چارۋۇچىنىڭ بالىسى دېگەنلىك، ئۇكرائىنلاردا ماماچىنكو دېگەن فامىلىيا ھەم ئۇچرايدۇ، بۇ تولۇقى بىلەن موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، سودىگەرنىڭ بالىسى دېگان مەناغا ئېگە، بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىرلا نەرسە،سىلاۋىيانلاردا «ئە» ھەرپى بولمىغانلىقى ئۈچۈن موڭغۇل تىلىدىكى «مەمەچىنكو» دېگەن سۆز ماماچىنكو دەپ ئېلىنغان. ژىغىپ ئېيتقاندا ئۇكرائىنلاردىكى «ئىنكو» فامىلىيا قوشۇمچىسى، موڭغۇللار ئۇلاردىن سېلىق ژىققاندا ياكى ئۇلار بىلەن بولغان باشقا مۇناسىۋەتلەردە كىشىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرىقلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلغان موڭغۇلچە سۆزدۇر.

بۇنىڭدىن سىرت ئۇكرائىنلاردا «چۇك» بىلەن ئاخىرلىشىدىغان فامىلىيا كۆپ ئۇچرايدۇ مەسىلەن؛ بوندارچۇك، مېدۋېدچوك، ستىپانچۇك، يۇقىرىدا ئېيتىلغان «ئىنكو» قوشۇمچىسى بىر شەخسكە قارىتىلىپ ئېيتىلغان بولسا، يانى تاترېنكو-تاتارنىڭ بالىسى، ماماچېنكو-سودىگەرنىڭ بالىسى دېگەن مەنانى بەرگەن بولسا «چۇك» بىلەن ئاخىرلاشقان فامىلىيا بىر ئائىلەكى بىر گۇرۇپپا ئادەملەرگە قارىتىلغان بولۇپ «بوندارچۇك» دېگىنىمىز «بوندارلار» دېمەكلىكتۇر، بىراق بىر نەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى «چۇك» سۆزى ئەسلىدە «چۇد» دېگەن موڭغۇلچە سۆز بولۇپ لار لەر دېگان ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەن «چۇد» سۆزنىڭ بىر ھەرپىنى يەرلىك خەلق تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ ھېچقانداق بىر مەناسىز «چۇك» دېگان سۆزگە ئايلىنىپ قالغان.

مانا مۇشۇ «ئىنكو» «چۇك» (چۇد) قوشۇمچىلىرى ئۇكرائىنلارنى باشقا سىلاۋىيان خەلقلىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان چوڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

ئازىيا ـ ياۋروپپا چوڭ قۇرۇغلۇقتىكى كۆپلىگەن يەر، سۇ ۋە باشقا

ناملار، ھازىر شۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ تىلىدا ھېچقانداق مەنە بەرمىسە ياكى ئۇلارنىڭ بېرىۋاتقان مۇشۇ ھەقتىكى ئىزاھەتلىرى كىشىلەرنى تولۇق ئىشەندۈرەلمەيدىغان، گۇمانلىق چۈشەنچىلەر پەيدا بولغان تەغدىردىلا بۇ ئاتۇلغۇلارنىڭ مەنىسىنى موڭغۇل تىلىدىن ئىزدەش لوگىكىلىكتۇر. يانا بىر مۇھىم نەرسە شۇكى،سىز مەنىسىنى يېشىپ بەرگەن بەزىبىر ناملارنىڭ موڭغۇل تىلىدا ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئەھۋالنىڭ تەسەددى ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن، شۇ ئەتراپتا ئۇنىڭدىن باشقىمۇ موڭغۇلچە ئاتالغۇ بېرىلگەن يەرلەر تېپىلغان تەقدىردە سىز ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ئەڭ جاھىل ئادەملەرنىڭمۇ گۇمانىنى تارقىتىپ تاشلايدۇ،شۇ مەقسەتتە «موسكۋا» دېگەن سۆزنىڭ «مودسك ئوۋا» دەرەخزارلىق تۆپە دېگان موڭغۇلچە سۆزدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن بۇ شەھەردىكى «كرېملЬ» «ئاربات» دېگەن يەرلەرنىڭ ھەم موڭغۇلچە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. كرېملЬنىڭ ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان موسكۋا دەرЬياسىدىكى بىر ئارالنىڭ نامى «بالچۇك» دەپ ئاتىلىدۇ،بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدىكى موڭغۇلچە توغرا ئېيتىلىشى «بالچىك» بولۇپ سازلىق-پاتقاق (بولوتا) دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ «بالچۇك» سۆزى رۇس تىلىدا ھېچقانداق مەزمۇنغا ئېگە ئەمەس. بۇ كانالنىڭ قېزىلىش تارىخىنى ئۇقسىڭىز بۇ يەردە ئۆتمۈشتە ھەقىقەتەن چوڭ سازلىق-پاتقاقلىق Ьئولغانلىغى ھەققىدە يېزىلىدۇ يۇقۇردە مەن كەلتۈرگەن بۇ مىساللارنى ئوقۇپ تۇرۇپ رۇس تىلىدا ھېچ قانداق مەنىسى يوق «موسكۋا» سۆزىنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى «مودسك ئوۋا» دەرەخزارلىق تۆپە» سۆزدىن كېلىپ چىققانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان بىرەر ئادەم تېپىلارمىكىن؟ موسكۋا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئېتىراپىدىن بۇنىڭدىن باشقىمۇ مونغول تىلىدا بېرىلگەنسيەر ناملىرىنى ئۇچرۇتۇشقا بولىدۇ. قىرىم يېرىم ئارىلىنىڭ نامى موڭغۇلچە كىرىم يانى تام،سېپىل، دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كىشىلەرگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇ يەردىكى يالتا شەھەر نامىنىڭ ھەم موڭغۇلچە ئىكانلىگىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر.

«يالتا» سۆزى موڭغۇل تىلىدىكى «يالتاي» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، مەزمۇنى ـ گۇناھكار، بەزى ئەھۋاللاردا «ئاي» بىلەن

ئاخىرلىشىدىغان يەر ئىسىملىرى رۇسچىلاشتۇرۇپ سۆز ئاخىرسىدىكى «ي» ھەرپى ئېلىپ تاشلىنىدۇ، مەسىلەن: كالمыكىيا «قالماقستان» پەيتاختىنىڭ ئەسلى نامى موڭغولچە «ئىلېتاي» (قۇملۇق شەھەر) بولسىمۇ، رۇسلار ئۇنى «ئىلستا» دەپ ئاتايدۇ ۋە يازىدۇ، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، قازاقستاننىڭ بۇرۇڭقى پەيتاختى نامىنىڭ ئەسلىدىكى توغرا ئېيتىلىشى «ئالماتاي» بولۇپ موڭغۇل تىلىدا «ئالمىلىق» دېگەن سۆز، بۇ سۆزمۇ رۇسچىلاشتۇرۇپ سۆز ئاخىرىدىكى «ي» ئېلىپ تاشلانغاچقا بۇ نام ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەزمۇنىنى يوقىتىپ «ئالماتا» ئالمىنىڭ ئاتىسى دېگەن خاتا چۈشەنچىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئالمىنىڭ ئاتىسىنى ياكى ئانىسىنى كىم كۆرگەن؟

ئۈنىڭدىن سىرت قىرىم يېرىم ئارىلىدىن ژىراق بولمىغان يەرلەردە «كاراچون» دېگەن تاغ بار «كاراچون» نىڭ ئەسلى ئېيتىلىشى «خاراچون» بولۇپ قارابورى دېگەن سۆز ئۈنىڭدىن باشقا ئۇ يەردە «چون-غار» دېگەن يەر ھەم بار، بۇ نامىنىڭ توغرا ئېيتىلىشى «چۈڭغار» بولۇپ سول قول، سول تەرەپ، دېگەن مەنىدە، بۇنىڭ ھەممىسىنى «قىرىم» نامىنىڭ موڭغولچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن. ئۈنىڭدىن باشقا خىتاينىڭ سەددىچىن سېپىلىنىمۇ موڭغوللار كىرىم يانى خىتاي كىرىمى دەپ ئاتايدۇ.

ئەسلىدىكى سۆزلەپ كېلىۋاتقان ماۋزۇدىن بىر ئاز چەتنەپ كەتتىم،سۆز ئۈكراىن توغرىلىق بولۇۋاتاتتى، يۇقۇردا ئۈكرانىلىقلارنىڭ فامىلىياسى ئاخىرىغا قوشۇلۇپ ئېيتىلىدىغان «ئىنكو» «چۇك» قوشۇمچىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ئىدىم، بۇ ئۈكرانىلىقلار ئايرىم مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى بىرىنچى چوڭ سەۋەب، ئىككىنچى چوڭ سەۋەب ئۈكراىن ئاتالغۇسىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىدۇر.

بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان رۇس ۋە ئۈكراىن ئالىملىرى بۇ ھەقتە كۆپ باش قاتۇرۇپ كەلدى،بىراق نەتىجە يوق دىيارلىك،ئامالسىزلىقتىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ئۈكرانىا» دېگەن سۆز «ئۈكرانىي» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، مەنىسى چېگرادىكى ئۆلكە-دەپ چۈشەندۈرمەكتە. رۇس ۋە ئۈكراىن تىللىرىدا «ئۈكرانىي» دېگەن سۆز ئومۇمەن مەۋژۇت ئەمەس، ئۇ سۆزى كرايىنى دېگەن سۆز بىلەن ھېچقاچان ئۆزئارا

33

باغلاشمايدۇ.ئۇنداقتا «ئۇكراىن» دېگەن سۆز نەدىن ۋە قانداق سەۋەب بىلەن پەيدا بولۇپ قالدى؟ ئەمدى بۇ ھەقتىكى مېنىڭ پىكرىمنى تىڭشاپ كۆرۈڭ.

«ئۇكراىن» دېگەن سۆز ئۇلار ياشاۋاتقان يەردىكى دنېپىر دەرьياسىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك، موڭغوللار كىېۋنى 1240-ژىلى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى دنېپىر دەرياسىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ژىراقتا قالغان ۋەتىنىدىكى كىرولىن دەرьياسىنى سېغىنىپ ئەسكە ئىلىشتى، بىراق دنېپىر دەرьياسى كىرولىن دەرьياسىغا قارىغاندە كەڭ ۋە ئەزىم بولغاچقا ئۇلار دىنىر دەرьياسىغا «ئۇكرۇلىن»دەپ ئات قويىشتى، ئۇ كرۇلىن-موڭغول تىلىدا كەڭ كىرولىن دېگەن سۆزدۇر. كېرۇلىن دەرьياسى سېلېڭا دەرьياسىدىن قالسا موڭغولىيادىكى 2-چوڭ دەرىيا ئۇزۇنلۇقى 1100 كىلومېتىر، كېىنرەك ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇشۇ ئۇكرۇلىن سۆزى سلاۋيان تىلىغا ماسلاشتۇرۇپ «ئۇكراىن» دەپ ئاتىلىپ كەتتى.

موڭغوللار ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتكەن زېمىنلاردا بەزى يەر-سۇلارنىڭ نامىنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىدىكى يەر-سۇلارنىڭ نامىنى تەكرار قويۇپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن؛ ژىراق شەرقتە، ھازىرقى كۇندە رۇسىيا بىلەن خىتاينىڭ دەۋلەت چېگارا سىزىقى بولۇپ قالغان ئامۇر نامىلىق دەرьيا بار، ئورتا ئازىيادىكى چوڭ بىر دەرьيالارنىڭ بىرى ھەم ئامۇر دەپ ئاتىلىدۇ، بىراق كېينكى ۋاقىتلاردا «ئامۇر» سۆزى پارىسلاشتۇرۇپ سۆز ئاخىردىكى «ر» ھەرپىنى ئېلىپ تاشلىنىپ «ئامۇ» دەرьيا دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە، ئالتاي تاغلىرى ئاخىرلىشىپ ئالاتاغ (تيانь-شانь) تىزىملىرى باشلىنىدىغان يەردە بىر تۇزلەڭلىك بار. ھازىر بۇ تۇزلەڭلىك ئارقىلىق ياۋروپا بىلەن خىتاينى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۆمۈر يول ئۆتىدۇ.

بۇ تۇزلەڭلىكنىڭ نامى ـ چۇڭغارقاپقىغى بۇ قاپقاقنىڭ جەنۇبى تەرىپى، جۇڭغار دالاسى دەپ ئاتالغان. «جۇڭغار» دېگەن سۆز موڭغولچە سول قول، سول تەرەپ دېگەن سۆز. قارا دېڭىز بويىدىكى قىرىم يېرىم ئارىلىدىمۇ «جۇڭغار» دېگان يەر بار.

بىراق يەرلىك خەلق بۇ يەرنى «جۇڭغار» ئەمەس «چۇنغار» دەپ ئاتاپ كەتكەن، مانا مۇشۇ جۇڭغار دالاسىنىڭ غەرىپتە سايرام

ئىسىملىك يايلاق ۋە شۇ ناملىق كۆل بار. قازاقىستاننىڭ ئۆزبەكىستان چېگىراسىغا يېقىن يەردە ھەم سايرام نامىلىق رايون بار، بۇ ئىككى سايرامنىڭ ئارىسى تەخمىنەن 1300كىلومېتىر. سايرام سۆزىنىڭ ئەسلىدىكى موڭغۇلچە ئېيتىلىشى ”سەرىم“ بولۇپ، تۈزلەڭ يايلاق ـ دېگەن سۆز. ئوتتۇرا ئازىيادىكى چوڭ دەرьيالارنىڭ بىرى-ئىلى دەرьياسىدۇر، مۇشۇ بىر دەرьيانىڭ باشلىنىشى تەرىپىدە «جاغىستاي» دېگەن يەر بار، ئەمدى بۇ دەرьيانىڭ قازاقىستان تېرىتورىياسىگە تەللۇق قىسىمىدىمۇ جاغىستاي نامىلىق يېزا بار، جاغىستاي موڭغۇل تىلىدا-بېلىق كۆپ يەر دېگان سۆز.

مۇشۇ پاكىتلارغا ئاساسەن دىنېپىر دەرьياسىنى موڭغۇلللار ئۆز ۋەتىنىدىكى كىرۇلىن دەرьياسىغا سىلۇشتۇرۇپ،كەڭ كىرۇلىن،يانى «ئۇكرۇلىن» دەپ ئاتاپ كېتىشى تەبىي ئەھۋالدۇر.

يۇقىردا كۆرسىتىلگەن ئىككى تۈرلۈك چوڭ سەۋەب كىيىنكى كۈنلەردە «ئۇكرائىن» مىللىتى ۋە «ئۇكرائىنا» دېگەن دۆلەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ قالدى.

# 7

يۇگوسلاۋىيا پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ چىققان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ـ خورۋاتىيا، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەردە ياشىغۇچى خەلق ئۆزلىرىنى خورۋاتلار دەپ ئاتايدۇ. ”خورۋات“ سۆزى، شۇ ئەتراپتا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىلىدا ھېچقانداق مەنە بىلدۈرمىگەنلىگى ئۈچۈن بۇ تېرمىننىڭ مەنىسىنى يەنىلا مونغول تىلىدىن ئىزدەپ كۆرۈشنى ئورۇنلۇق دەپ ھېسابلايمەن.

موڭغۇل ۋە تۈركى خەلقلىرىدىكى ئورتاق تېرمىنلارنىڭ بىرى ـ ”بەتЫر“ (باتۇر)دۇر. كېيىنرەك بۇ تېرمىن ئازىيا ۋە ياۋروپىدىكى بەزى خەلقلەرنىڭ تىللىرىغا ھەم ئارىلىشىپ كەتتى. بۇ سۆزنى رۇسلار ”بوگاتЫر“ دەپ ئالسا، پولياكلار ”باادىر“ دەيدۇ. پارسلارمۇ بۇنىڭدىن چەتتە قالماي ”بەتЫر“ سۆزىنى ”باھادىر“ دەپ، ئۆز تىلىغا قوشۇپ ئالدى. بۇ ”بەتЫر“ (باتۇر) سۆزىنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىش تەكتى ـ موڭغۇل تىلىدىكى ”بەت“ (باتۇ) سۆزىدىن كېلىپ چىققان، مەنىسى ـ مۇستەھكەم، رۇسچە ئېيتقاندا ـ كرېپكىي، دېگەنلىك.

ياۋروپانى ئىدارە قىلغان چىڭگىسخاننىڭ نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ”بەت خان“ (باتۇ خان)نىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەى ھەم مانا مۇشۇ ـ باتۇر خان دېگەن سۆزدىن.

ئەمدى ”خارۋات“ سۆزىگە كېلىدىغان بولساق، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدىكى توغرا ئېيتىلىشى ”خارۋات“ ئەمەس، ”خار بەت“ تۇر، يەنى ـ ”قارا باتۇر“ دېگەن چۈشەنچىنى بىلدۈرىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى ياۋروپالىقلار ـ ئاق تەنلىكلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ نامى ياۋروپالىقلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولماستىن، شۇ يەرنى ئىدارە قىلغان مونغول ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرسىنىڭ ـ ”خار بەت“ دېگەن ئىسمى ياكى لەقىمى بولۇشى مۇمكىن، مەزمۇنى ـ ”قارا باتۇر“، رۇسچە ”چېرنЫي باگاتىر“ دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

مولداۋىياگە قارشىلىق بىر ئاۋتونومىيانىڭ نامى ”گاگاۋزىيا“ دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئاۋتونومىيادە مولداۋانلار بىلەن بىر قاتاردا 300,000 غا يقىن، خرىستىان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچ تۈركلەر ياشايدۇ. ”گاگاۋزى“ سۆزىنىڭ ئەسلى ئېيتىلىشى ”گاخان ئۇس“ بولۇپ، مونغول تىلىدا

”چوشقىلارنىڭ سۇ ئىچىدىغان يېرى“ دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرۈدى. رۇسچە ئېيتقاندا ـ ”ۋوداپاي سۋىنьئىي“ دېگەنلىكتۇر.

## 8

دۇنьيا تارىخىدىكى بارلىق تەجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلەر مەيلى ئۇ قاچان، كەيەردە ۋە كىملەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، موڭغوللار تەجەۋۇزچىلىغى ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ پەرق بار. ئۇ بولسىمۇ ئالدىنقىسى ئۆزى بېسىۋالغان يەرلەردىكى دۆلەت ۋە خەلقىنى بۇلاپ-تالاپ بار بايلىقىنى ئۆز مەملىكىتىگە توشىغان بولسا (دۆلەت تېرېتورىياسىنى كېڭايتكەنلىك بۇنىڭ سىرتىدا) موڭغوللار ھېچ كىمنىڭ بايلىقىنى ئۆز ئېلىگە توشۇشنى مەقسەت قىلمىغان. ئۇلار ئۆزى بېسىۋالغان يەرلەردە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ شۇ يەرلەردە مەڭگۈلۈك ياشاشنى نىشان تۇتقان.ئۇنداق بولمىغاندا ھازىرقى موڭغولىيا تېرىتورىياسىدا تاج مەھەلگە ئوخشاش ھەشەمەتلىك سارايلاردىن كەم دېگەندە ئون نەچچىسىنى ئۇچىرتىشقا بولار ئىدى. ياۋروپپا ۋە خىتايدىن بولاپ كېلىگەن مەدەنىيەت ۋە بايلىق بۇيۇملارنى موڭغولىيانىڭ ھەممە يېرىدىن بۇگۇڭە قەدەر ھەممە ئادەم كۆزى بىلەن كۆرۈپ،قولى بىلەن تۇتۇپ كۆرۈش ئىمكانىتىگە ئېگە بولار ئىدى. بىراق موڭغولىيادىن ھازىرقى كۈندە ـ ئەينى زاماندا چەت ئەلدىن بۇلاپ كېلىگەن ھېچبىر نەرسىنىڭ ئىزىنى تاپالمايسىز. ئۇلار ئەنە شۇ ئۆزلىرى بېسىۋالغان يەرلەردە تۇراقلىق ياشاپ قېلىش ئۈچۈن 1260-ژىلى ئۆزلىرىنىڭ پەيتاختى ـ قاراقۇرۇمنى تاشلاپ، بېجىن شەھەرىنى ئۆزلىرىگە پەيتاخت بەلگىلەپ ئۇنىڭ نامىنى خان بالىخ (پادىشاھ شەھىرى)دەپ ئاتىدى. ئورتا ئازىيادىكى موڭغوللارنىڭ جوڭغارخانلىغى بولسا تاشكەنت (شاش) شەھىرىنى ئۆزلىرىگە پەيتاخت قىلغان. ئۇلارنىڭ خىيالى- پۈتكۈل دۇنьيانى ئىدارە قىلىش ئىدى. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ـ ئاسماندا تەڭرى ـ بىر، يەردە ھاكىمىيەت بىر بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتى.

شۇ مەقسەتتە ئۇلار غەرىپتە ئاتلانتىك دېڭىزغىچە بولغان يەرلەرنىڭ

ھەممىنى بىسىۋېلىپ، دۇنьيا قۇرۇقلۇقى مۇشۇ يەردە تامام بولدى-دەپ ئويلاشقان، لامانىش بوغۇزىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئەڭلىيانىڭ بارلىقىنى ئۇلار بىلمەس ئىدى ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ۋاقىتىدا شىمالى، جەنۇبى ئامېرىكا قىتەلىرى ۋە ئاۋستراليا قىتئەسى ئېچىلمىغان دەۋر ئىدى. شەرقتە ياپون دېڭىزىغىچە بولغان قۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ تارىختىن بىرى چارۋۇچىلىق بىلەن شۇغۇللۇنۇپ كۆچۈپ-قونۇپ ژۇرگەن يىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە ياپونىيانىڭ بار ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە، شەرقى دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە ياپونىيادىن ئىبارەت بىر چوڭ ئارال دۆلىتى بارلىقىنى ئاڭلىغان موڭغوللار؛ بۇ دۇنьيادا بىز باسمىغان يەر بار ئىكەن دەپ تىنچلىقى بۇزۇلدى. نەتىجىدە شۇ زاماندا خىتايىنى باشقۇرۇۋاتقان قۇبلاي خان (چىڭغىسخاننىڭ نەۋرىسى) ياپونىيانى بىسىپ ئېلىش ئۇچۇن ئۇزاق تەيەرلىق قىلىپ ـ خىتايلارغا 900چوڭ قېيىق ياساتتى ۋە ئاخىر 1271 ژىلى 25000 موڭغۇل ئەسكىرى ئاتلىرى بىلەن 10000 خىتاي ئەسكىرى 5000 كورىيا ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ياپونغا قاراپ سەپەرگە چىقتى،

قوشۇمچە: مانا مۇشۇ قۇبلايخان خىتايىنى ئىدارە قىلىۋاتقان زاماندا، دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ قەغەز پۇلنى ئىشلەپ چىقاردى، كىيىنەرەك شۇ زاماندا قوبلايخاننىڭ خان سارايىدا ساراي خىزمەتچىسى بولۇپ ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەپ ژۇرگەن ئىتاليالىق ساياھەتچى ماركو پولۇ قەغەز پۇل ياساش ھۆنىرىنى ياۋراپاغا تاراتقان. روسسىيادا قەغەز پۇل تۇنجى قېتىم 1769-ژىلى 3-فېۋرالьكۇنى بىسىپ چىقىرىلدى.

ئۇلار ئالدى بىلەن سۇسما ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىككى ئارالنى بىسىۋېلىپ خاكاتا قولتىغىغا كىردى،شۇنچە كۆپ ئەسكەرنى چۈشىرىدىغان يەر پەقەتلە ياپونىيانىڭ غەربى-شىمالىدىكى كىيسو ئارىلى ئىدى. موڭغوللار كىيسو ئارىلىغا ھۇجۇم باشلىدى، بۇ ياپون تارىخىدا تاكى 2-دۇنьيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ياپون تۇپرىغىغا چەت ئەللىكلەرنىڭ تۇنجى قېتىم ئاياق بىسىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ياپونلار ئۆز تۇپرىغىنى قوغداپ قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسەتتى، كەچ كىرىپ كاراڭغۇ چۈشكىچە ئارالنى ئالالمىغان موڭغوللار،ئۇرۇشنى ئەتىسى داۋاملۇشتۇرماقچى بولۇپ دېڭىز

ساھىلىدا تۈنەپ چىقىش قارىرىغا كەلدى،مانا بۇ تۈن ياپونلارغا مېھرى-شەپقەت، موڭغوللارغا بالاى-ئاپەت ئېلىپ كەلدى. تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن كۈچلۈك تايفۇن بورىنى، تۈن ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ موڭغۇل قېيىقلىرىنى يارغا ئۇرۇپ ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ 200 قېيىغى دېڭىزغا چۆكۈپ 13000 مىڭ ئەسكىرى ھالاك بولدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ۋەقەدىن كېيىن موڭغوللارنىڭ ئارتقا چېكىنىشتىن باشقا ئامالى قالمىدى. خۇشاللىقتا چۆمگەن ياپونلار بۇ تايفۇنغا «ئىلاھى بورىنى» دەپ نام بېرىشتى.

مۇشۇ بىر تارىخي ۋەقەنىڭ ئوزىلا شۇ دەۋردىكى موڭغوللارنىڭ پۈتكۈل دۇنЬيانى ئىرادە قىلىش خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى بولۇپ سانىلىدۇ.

مانا مۇشۇ خام خىياللارنىڭ نەتىجىسىدە ئەينى زاماندىكى موڭغوللارنىڭ پۈتكۈل دۇنЬيانى ئىرادە قىلىش ئوي-پىكرى ئەمەلگە ئاشمىدىلا ئەمەس،ئۆزلىرى ئاشۇ بېسىۋالغان يەرلەردىكى بارلىق خەلقنىڭ ئارىسىغا ئاستا-ئاستا سىڭىشىپ ئاسمىلاتسىياگە ئۇچراپ ئۇلارنىڭ تىلىنى-دىنىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق باشقا مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى،ئۇنىڭغا جانلىق بىر مىسال؛ ھازىر ئافغانىستاندا ياشاۋاتقان «ھەزەرى» دەپ ئاتالمىش مىللەت ،ئۇلار ئافغانىستاندا ئاھالە سانى جەھەتتىن پۇشتۇن ۋە تاجىكلاردىن قالسا 3-ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىققان تارىخىنى ھەممىسى بىردەك؛ئۆتمۈشتە ئاۋغانلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قالدۇرۇپ كېتىلگەن موڭغوللارنىڭ ئەۋلادىمىز ـ دېيىشىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ تىلى پارس تىلى دىنى ئېتىقادى-ئىسلام . موڭغولغا پەقەت چىرايىلا ئوخشايدۇ خالاس، ئۇلارغا بېرىلگەن «ھەزەرى» دېگەن ناممۇ پارسچە بولۇپ «ھەزەر ئەيلەك» يانى دىققەت قىلىڭ،خەتەرلىك، دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان.

موڭغوللادىن باشقىمۇ بۇنداق تارىخنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە كەچۈرۋاتقان خەلقلەر دۇنЬيادا تېپىلىدۇ.

بىر زامانلاردا ـ موڭغوللاردىن كېيىن خىتانى ئۇزاق ژىللار ئىدارە قىلغان مانجۇرلارغا نەزەر سېلىڭ. ھازىر بۇ مىللەت پەقەت قەغەز ي

¥زىدىلا «پاسپورتتا» مەۋجۇت بولۇپ ئەمەلىيەتتە بۇ مىللەت تولۇقى بىلەن خىتايلىشىپ بولدى. هازىر دۇنىɓيادا 6000 مىڭ تىل مەۋژۇت يانى 6000 مىللەت بار دېگەن سۆز. ژىلىغا ئەمەس كۆنىگە بۇ تىللارنىڭ بىر نەچچىسى يوقىلىپ كەتمەكتە. بەزى ئالىملارنىڭ پىكىرىچە،ئەمدى 100 ژىلدىن كېيىنكى كېلەچەكتە دۇنىɓيادا پەقەت 20گە يېقىن تىل مەۋژۇت بولۇپ قالارمىش. هازىرقى دۇنىɓيادىكى 11 مىلىون (بېزىلەر 12 مىلىون دېيىشىدۇ) موڭغولنىڭ تۆتتىن بىر قىسىمىلا يانى 2 مىلىون 800 مىڭلا موڭغولىيا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ تېرىتورىياسىدە ياشايدۇ. (بۇ رەقەمنىڭمۇ 5% قازاقلار ئېگىلەيدۇ) ئۇلارنىڭ تورتتىن ئۈچ قىسمى چەت ئەلدە، ئاساسىي جەھەتتىن خىتاينىڭ هەر قايسى ئۆلكىلىرىدە، مەلۇم قىسمى رۇسىيا فېدىراسىياسىنىڭ بۇرياتىيا ۋە كالمыكىيا (قالماقستان) ئاۋتونوم رېسپۇبلىكىلىدا ياشايدۇ.ئەگەر دۇنىɓيا تارىخى مۇشۇ هازىرقى پېتى بىلەن داۋاملىشىدىغان بولسا، دۇنىɓيادىكى موڭغوللارنىڭ تورتتىن ئۈچ قىسمى چەت ئەلدە ياشاۋاتقان موڭغوللار 100 ژىل ئەمەس، كېلەچەكتە 50 ژىل ئىچىدە ياكى خىتاي ياكى رۇس بولۇپ كېتىشى تامامەن مۇمكىن.موڭغوللارنىڭ بۇ خەتەردىن ۋاقتىنچە بولسىمۇ قۇتۇلۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ـ قازاقستاننىڭ هازىرقى مىگراتسىيا ستراتىگىياسىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆگەنسە يامان بولماس ئىدى. قازاقىستان ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئالغاندىن كېيىن ژىگىرمە نەچە ژىل ئىچىدە چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان قانداشلىرىدىن،بىر مىلىون كىشىنى قازاقىستانغا قايتۇرۇپ كەلدى ۋە بۇ مىگراتسىيا پاالىتى هازىرغىچە داۋاملاشماقتا. قازاقستان بۇنىڭدىن زىيان چەككىنى يوق، ئۇنىڭ ئەكسىچە چەت ئەلدىن قايتقان قازاقلار، چەت ئەلدە ژۇرۇپ باشقىلاردىن ئۆرگەڭەن يېزا-ئېگىلىك، باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق، تىل، مەدەنىيەت، ئارقىلىق قازاقستاننىڭ تەرەقىاتىغا ئۆز هەسسىلىرىنى قوشۇپ كەلمەكتە.

موڭغولىيانىڭ يەر مەيدانى 1،564116 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ،يەر مەيدانى بويىچە دۇنىɓيادا 18- ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ يەر مەيدانغا شۇ يەردىكى ئاهالىنى چاققاندا، دۇنىɓيادىكى ئاهالىسى ئەڭ شالاڭ دۆلەتلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە

1،8 ئادەم توغرا كېلىدۇ. سۆز موڭغۇللار ھەققىدە بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىلىق پەقەتلا ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتىشقا توغرا كېلىپ قالدى. بۇنى ھەرگىز پاسكىنا سەياسەتكە ئايلاندۇرماسلىقىڭلارنى سورايمەن.

## 9

| ئۇيغۇرچە | موڭغۇلچە |
|---|---|
| ئالتۇن | ئالتىن، ئالت |
| ئامراق | ئامراگ |
| ئالا | ئالاگ |
| ئالما | ئالما |
| ئارسلان | ئارسلىن |
| ئارال | ئارىل |
| ئاغا (ئاكا) | ئاخا |
| ئالىقان | ئەلخان |
| ئارغامچا | ئامغامچا |
| ئارغىماق | ئارماگ |
| ئارچا (دەرەخ) | ئارچا |
| ئاران | ئەرەن |
| باجا | باجا |
| بۇلاق | بۇلاگ |
| بۆرەك | بۆرىگ |
| بول (ئادەم بول،تېزبول) | بول |
| باي | باي، بايىن |
| بوران | بوران |
| بۇغا | بۇغا |
| بۇقا | بۇخا |
| بۈركۈت | بۈرگۈت |

| | |
|---|---|
| تاياق | تاياگ |
| بال (هەسەل) | بال |
| بۇلاڭچى | بۇلاڭغاچ |
| بۇلا (بۇلاش تالاش) | بۇلا |
| باتۇر | باتىر |
| بولغاي | بۇلتۇخاي |
| باغ | باگ |
| ئاسراش | ئاسارخۇ |
| باغلام | باگلىم |
| بايرام | بايىر |
| باخشى | باكشى (مۇئەللىم) |
| باغلا | باگلا |
| بايلىق | بايلىق |
| بوغچا | بوغچا |
| بەل | بىل |
| بۆلۈك | بۆلۈك |
| ئەمچى (دوختۇر) | ئېمچى |
| ئەم (داۋا) | ئېم |
| ئەرك (هوقۇق) | ئېرك |
| ئەر | ئىر |
| ئەركىلە | ئېركېلي |
| ئەركە | ئېركي |
| ئەلۋەك | ئىلۋېگ |
| ئىرغاي | ئىرغاي |
| توسقۇن | توسخالت |
| توسا | توسا |
| توساش | توسخو |
| توسالغو | توسولغان |
| تومەن | تومىن |
| تەڭ | تىڭ |
| تالقان | تالخا |

| | |
|---|---|
| تامغا | تامغا |
| تېۋىلغا | تېۋىلغا |
| تەڭرى | تىڭگىرى |
| تىۋە (تۆگە كونا ئۇيغۇر تىلى) | تىمە |
| تات | تات |
| تور | تور |
| تاياق | تاياگ |
| تارا (تارقىلىش) | تارا |
| تەنتەك | تىنىگ |
| تاقا | تاخا |
| قۇلاق-چىكە | چېكە |
| سۇرلۇك | سۇرلۇك |
| توقاي | توخاي |
| تۇس (سىرتقى كۆرۈنۈش) | تۇس |
| توختام | توكتىم |
| توختا | توكتا |
| تاۋاق | تاۋاگ |
| تۇغ | تۇگ |
| تايغان | تەيغان |
| تۆمۈر | تۆمۈر |
| تۆلە (قەرزنى) | تۆلە |
| دالا | تالا |
| توقوم | توخىم |
| خالتا (يانچۇق) | خالتا |
| قارا (رەڭ) | خارا |
| قاراڭغۇ | خاراڭغۇ |
| قۇلاق | خۇلاخ |
| قۇرۇلتاي | خۇرال |
| قارىغاي | خارغاي |
| قارغان | خارگىن |
| قوش (جۈپ) | خوش |

| | |
|---|---|
| قوۋۇرغا | خېۋىرغا |
| قۇدۇق | خۇدۇگ |
| قورا | خورا |
| قاراۋۇل | خارۇل |
| قاتتىق | خاتۇ |
| قون (تۈنەش) | خون |
| قارچىغا | خارچىغا |
| مىڭ | مىڭغا |
| ماختا | ماكتا |
| قورغان | خورغان |
| قولان | خولان |
| قۇدا | خۇدغۇ |
| خادا (خادا تاش) | خادا |
| قادا (بايراق قاداش) | خادا |
| قوراي | خۇراي |
| قىرغاۋۇل | غورغۇل |
| مەرگەن | مىرگىن |
| مەڭ | مىڭگى |
| مىنىڭ | مېنى |
| مارال | مارىل |
| مولدور | موندىر |
| مال | مال |
| مەڭگۈ | مۆڭكۆ |
| مالىخاي | مالىخاي |
| ماڭلاي | ماگناي |
| نوختا (نوختىلاش) | نوكتا |
| ئورۇن | ئورىن |
| ئۆڭ (رەڭگى) | ئۆڭگى |
| ئوردا | ئوردا |
| ئوتۇن (ياغاچ) | مودون (دەرەخ) |
| ئىدىش ـ ئاياق | ئەياغ |

| | |
|---|---|
| ئىلغا (تاللا ) | ئىلغا |
| ئىگىچە (ئىگىچە ـ سىڭىل) | ئىگىچە |
| ئىناق | ئىناگ |
| ئورا (يۆگەش) | ئورا |
| چېچەن | چىچىن |
| چېچەك | چىچىك |
| چاغ (ۋاقىت) | چاگ |
| نۆكەر (ھەمراھ) | نۆكىر (يولداش) |
| چىدا | چىدا |
| چىرىك (ئەسكەر) | چىرىك |
| چوغ | چوگ |
| چوقۇم | چوخۇم |
| چىرايلىق | چىرايلىق |
| چوخماق | چوخ |
| چىمدىم (بىر چىمدىم تۇز) | چىمكىم |
| چۆگۈن | چۆگۈن |
| چاچراش | چاچرخۇ |
| چاچ (سۇ چېچىش) | چاچ |
| ياقا | ژاخا |
| مۇز | مۇس |
| ساقال | ساخال |
| ساي | سەي |
| ساداق | سادىك |
| سوقور | سوخور |
| سۈت | سۈ |
| چاپ (كەس) | چاپچا |
| سوراق | سۈراگ |
| سەلكىن | سەلكىن |
| داۋان | داۋان |
| دولقۇن | دولگان |
| كۆچ | كۆچ |

| | |
|---|---|
| كۇچلۇك | كۇچلۇك |
| كىم | كىمبى |
| كېراك | كىرىك |
| كۆركەم | كۆركۈ |
| كۆك (رەڭ) | كۆك |
| كۇچۇك | كىچىك |
| كىر | كىر |
| بىشرە | شىرە |
| غالجىر | غالجۇ |
| بۆلدۇرگەن | بولجىرگەن |
| خوتۇن | خاتىن (نىگار) |
| يۇرەك | جۇرىك |
| ژىل | جىل |
| خان | خان |
| شىۋىرغان | شۇرغان |
| يەل-ئىمىش | جىمىس |
| يارلىق | جەرلىك |
| خامىر (بۇرۇن) | خامىر |
| زەڭگەر | چىڭكىر |
| شوتا | شاتا |
| ياسا (بىرەر نەرسىنى) | جاسا |
| يالۋۇر | جەلۋۇر |
| ئۇزۇم | ئۇجۇم |
| چوقاي (كونا ئۇيغۇر تىلى) | شاخاي |
| شوخ | شوگ |
| قائدە-يوسون | يوسۇن |
| ياقا | جاخا |
| غول | غول |
| بۆلەك(بىر نەرسىنىڭ مەلۇم قىسمى) | بۆلىك |
| پۇتۇن (بۇزۇلمىغان) | بۇتىن |
| تەر (بۇغداي تېرىش) | تەر |

| | |
|---|---|
| دېڭىز | تىڭىس |
| جاي | جەي |
| زەنجىر | جىنجىر |
| جوت (تەبىئىي ئاپەت) | جود |
| بوغرا | بۇرا |
| تەڭگە | تىنكە |

مەن بۇ يەردە «تەڭگە» سۆزى توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ كوپونچىسىنىڭ ئارىسىدا «تەڭگە» تىرمىنى «پۇل» سۆزىنىڭ سىنونىمى سۈپىتىدە قوللۇنۇدۇ. قازاقىستاننىڭ مىللىي ۋاليۇتاسى ھەم «تەڭگە» دەپ ئاتىلىدۇ، بىراق «تەڭگە» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدە تۈركى تىللىرىدىن ھېچ قانداق ئىزاھەت تاپالمايسىز. مېنىڭچە «تەڭگە» سۆزى موڭغۇل تىلىدىكى «تىنكە» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، مەزمۇنى ـ ماغدور، چاما، قۇۋۋەت دېگانلىكتۇر. مەسىلەن سىز بىر يېقىن ئادىمىڭىز بىلەن ماگازىن ئارىلاپ ژۈرۈپ بىر ياخشى نەرسىگە كۆزىڭىز چۈشۈپ قالسا،دوستىڭىز سىزگە چامىڭىز يەتسە ئېلىڭ دېگەن مەسلىھەتنى بېرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى پۇلىڭىز بولسا ئېلىڭ دېگەنلىكتۇر.

موڭغوللار بولسا ھازىر ئۆزلىرىنىڭ بۇ كونا سۆزى «تىنكە» نى ئۇنتۇپ، پۇل دېگەن سۆزنى «مۆڭگە» دەپ ئاتايدۇ، «مۆڭگە» سۆزى موڭغولچە كۈمۈش دېگەنلىك، كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى ئۇلار كۈمۈشنىمۇ، پۇلنىمۇ بىرلا ئاتالغۇ بىلەن ئاتاپ كەلمەكتە، بۇ موڭغوللار خىتاينى ئىدارە قىلغان 97-ژىل موبانىدا خىتاينىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان پۇللىرى يېڭ بى (كۈمۈش يارماق) يېڭ باۋ (كۈمۈشتۈن قۇيۇلغان چۆچۈرە شەكىللىك پۇل)نى ئىشلەتكەن زامانلاردىن قالغان تېرمىن، ئەپسۇسكى ئۇلار ئۆزلىرىدە بار، «پۇل» دېگەن مەنانى بەرگۈچى «تىنكە» سۆزىنى ئۇنتۇپ كۈمۈشنىمۇ، پۇلنىمۇ بىرلا سۆز بىلەن «مۆڭگە» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. رۇس تىلىدىكى «دېنьگى» پۇل دېگەن سۆز ھەم مۇشۇ «تىنكە» دېگەن سۆزدىن تارالغان. چۈنكى «دېنьگى» سۆزى رۇس تىلىدا ھېچقانداق مەناغا ئېگە ئەمەس.

ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل تىللىرىدىكى ئورتاق تېرمىن ـ «غول» سۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ موڭغۇل (ھونغول) نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئوينىغان رولى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىم. ئۇيغۇرلاردىن باشقا، تۈركى تىللىق خەلىقلەردە ـ قازاق، قىرغىزلاردا «غول» سۆزى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار «غول» سۆزىنى ئۆز تىللىرىغا قولايلىشتۇرۇپ «قول» دەپ ئۆزگەرتىپ ئېلىش ئارقىلىق،بەزى بىر گېوگرافىيالىق ناملارنىڭ ئەسلىدىكى مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگۈرۈپ كەتكەن.ھازىر بۇنى شۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك بىلىۋەرمەيدۇ،مەسىلەن قازاقستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستىدا «نارЫنقول» نامىلىق رايون بار ،ئۇنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى ئەسلى ئېيتىلىشى «نېرىن غول» بۇ ئىنچىكە سۇ،ئىنچىكە دەريا دېگەنلىك «نارىن» سۆزى ھەققىدە بىر ئازدىن كېيىن توختىلىپ ئۆتىمەن. قىرغىستاننىڭ ئىسسىق كۆلنىڭ شەرق تامانىدا «قاراقۇل» دەپ ئاتالمىش شەھەر بار، بۇ نامنىمۇ ئەسلىدىكى ئېيتىلىش «خاراغول» بولۇپ، قاراسۇ، قاراساي رۇسچە ئېيتقاندا چېرنوۋودسك دېگەن ئۇقۇمنى بىلدىرىدۇ، موڭغۇللار قىشتا مۇز قاتمايدىغان ئېرىق ئۆستەڭنى «خارا ئۇسۇ» (قاراسۇ) ئۇنىڭدىن چوڭراق ـ سايلارنى، كىچىك دەرЬيالارنى خاراغول (قاراساي) دەپ ئاتايدۇ،ئۇنىڭ سەۋەبى-سۇنىڭ رەڭگىنىڭ قارابولغانلىقىدا ئەمەس ھەممە ئەتراپنى ئاق قاربېسىپ تۇرغان دالادا بۇ مۇز قاتماس ئېقىم، سۇنىڭ ژىراقتىن كىشىلەر كۆزىگە قارا بولۇپ كۆرۈڭەللىگىدە كۆرۈپ تۇرىسىزكى. بىرلا تاۋۇش بىرلا ھېرىپ «غ» «ق» بولۇپ ئۆزگەرتىلىپ كەتكەچكە سۆزنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى پۈتۈنلەي ئۆزگۈرۈپ كەتكەن. ئەگەر سىز بولسىڭىز يەرنىڭ نامىنى «قاراقۇل» دەپ قويارمىدىڭىز ياكى «قاراسۇ» (چېرنوۋودسك) «قاراساي» دەپمۇ؟

ئەمدى «نارىن» سۆزىگە كېلايلى «نارىن» سۆزى ئارىلاشقان گوگرافىيالىق ناملار ئورتا ئازىيادا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ-نارىنقول، نارىن بۇلاق، نارىن (قىرغىستاندىكى شەھەرنىڭ نامى) ئۇنىڭدىن سىرت قىرغىزلارنىڭ مىللىي تامى ھەم «نارىن» دەپ ئاتىلىدۇ،

«نارىن» سۆزى ھازىر شۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ تىلىدا ھېچ قانداق مەناغا ئىگە ئەمەس، «نارىن» سۆزى موڭغۇل تىلىدىن «نىرىن» دىگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مەزمۇنى «ئىنچىكە» دىگەنلىك، نەرىنغول (نارىنقول) ئىنچىكە بۇلاق. ئەمدى «نارىن» شەھەرىگە كېلىدىغان بولساق،ئۇ نارىنغول (نارىنقول) نامىنىڭ ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىنىشىدۇر،بۇ ياردە پەقەت غول (قول) قىسقارتىپ تاشلانغان.

ئۆتمۈشتە چارۋۇچى،كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ـ قازاق-قىرغىز، موڭغۇللارنىڭ تۇرمۇش دەستۇرى يېمەك ئىچمەك كىيىم-كېچەكلىرى ئاساسى جەھەتتىن ئۇلار ئۆزلىرى ئۆستۈرگەن مال چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەتتى. ئۇلارنىڭ يەيدىغان تامىقى ئاساسى جەھەتتىن گۆش ۋە سۈتتىن ياسالغان مەھسۇلاتلار بولغان. قازاق ۋە موڭغۇللار كۆپ ھاللاردا سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلگەن گۆشنى كالىلاك-كالىلاك بويىچە سېلىپ دەستارخانغا ئېلىپ كېلىشىدۇ. ۋە ھەر كىم ياكى بىر ئادەم قولىغا پىچاق بەكە ئېلىپ بۇ كەللەك گۆشلەرنى پارچىلاپ، توغراپ بەرگەندىن كېيىن، قالغانلار تاماقتا تۇتۇش قىلىدۇ. ئەمدى قىرغىزلاردا بولسا، گۆشنى كاللەك بويىچە ئەمەس، ئۇنى ئالدى بىلەن ئىنچىكە توغراپ، خىمىرنىمۇ ئىنچىكە-ئۇگرە كەسمە قىلىپ پىشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن بۇ خېمىرنىڭ ئۈستىگە ئىنچىكە توغرالغان گۆشنى سېلىپ دەستارخانغا ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ موڭغۇللاردىمۇ بار، ئۇلار بۇنى ئىنچىكە توغرالغان گۆش «نارىن» دەپ ئاتايدۇ. مانا مۇشۇ كىچىككىنە پەرق تۈپەيلى ـ ئۇنىڭ نامىنىڭ موڭغۇلچە بولۇشىغا قارىماستىن بۇ تائام قىرغىزلارنىڭ مىللىي تاامى «نارىن» دەپ ئاتىلىپ يۇنېسكودا ئۇلارنىڭ مىللىي تاامى سۈپىتىدە ئەگە ئالدۇردى، «نارىن» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ئەنە ئاشۇنداق.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ،قازاقىستان ۋە قىرغىزستان ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن تۇرمۇش ۋە جەمئەتنىڭ ھەر ساھالىرىگە ئوخشاش ،ئۇلارنىڭ مىللىي تىلىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بايقالماقتا. ئۇلار بۇرۇن باشقىلاردىن قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان بەزى تېرمىنلارنى سىقىپ چىقىرىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز تىللىرىغا

مۇۋاپىق يېگى نامىلارنى ياكى ژىراق ئۆتمۇشتە ئاتا-بوۋىلىرى قوللانغان ئاتالغۇلارنى قايتىدىن قوللىنىشقا باشلىدى. بۇ تېرمىنلارنىڭ پەقەت بىرنىلا مىسالغا كەلتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇ بولسىمۇ «ئاۋتوموبىلь» سۆزىدىر ئۇنى قازاقلار «كۆلىك» دەپ ئالسا قىرغىزلار «ئۇنا» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەكتە.تۆۋەندە مانا مۇشۇ «كۆلىك» ۋە «ئۇنا» سۆزلىرى ھەققىدە ئىككى ئېغىز چۈشەندۈرۈش بېرىپ ئۆتمەكچىمەن.

«كولىك» ۋە «ئۇنا» سۆزلىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسى موگغولچە سۆزدۇر، موگغوللار پۇتنى «كۆل» دەپ ئاتايدۇ «كولىك» دېگان سۆز ـ پۇتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغىچى دېگەن مەناغا ئىگە. «ئۇنا» دېگان سۆزنىڭ موگغۇل تىلىدىكى مەناسى «مېنىش» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۆتمۇشتە ئۇزلىرى مىنىپ ژۇرگەن قاتناش ۋاسىتىلىرى ـ ئات، تۆگە ئۆكۈزلەرنىڭ ھەممىنى موگغوللار «كۆلىك» ياكى «ئۇنا» دەپ ئاتايدۇ.

گەپ پەقەت بىرلا تېرمىن ھەققىدە بولۇپ كۆرۈگەن بىلەن مۇشۇ بىر كىچىككىنە پاكىتنىڭ ئۆزىمۇ ژىرق ئۆتمۇشتە موگغۇل ۋە تۇركى خەلقلەرنىڭ بىر تىلدا سۆزلەشكەن قېرىنداشلار ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.



## 11

شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ژىللاردىن بېرى كۆڭۈل ئارىمىم بۇزۇلۇپ، قەلبىمنى تىرناپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ بولدۇم. راستىنى ئېيتسام قاتتىق چارچىدىم، بىرلا قېتىم يېزىلىپ كەتكەن قۇرلارنى قايتىدىن كۆرۈپ، تۈزىتىپ رەتلەپ ئەدەبلەشتۇرۇپ ئولتۇرۇشقا قولۇم بارمىدى. شۇ پېتى نەشرىياتقا تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن.

بۇ كىچىككىنە كىتاپچامدا بولغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى دېيەرلىك بۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچكىم تەرىپىدىن توغرا جاۋاب بېرىلمىگەن ياكى ئومۇمەن جاۋابسىز تارىخي تېپىشماقلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئاز مۇرەككەپ ۋە كوپىرەك تالاش-تارتىش بولىۋاتقان تېپىشماقلارنىڭ تىزىمىگى تۆۋەندىكىچە؛

1-هون (گۇن) دېگەن سۆز نەدىن كېلىپ چىققان ؟ ئۇلار كىملەر؟
2-موگغۇل ـ سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟
3- ئۇكرانى سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە مەزمۇنى نېمە؟

4ـتاتار دېگەن سۆز نەدىن كېلىپ چىققان؟
5ـقالماق سۆزى نېمە بىلدىرىدۇ؟
6ـموسكۋا سۆزى نېمە دېگەنلىكتۇر؟
7ـكرېملь ۋە قىرىم سۆزلىرى نەدىن كېلىپ چىققان؟
8ـ كاۋكاز سۆزىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟
9ـيالتا شەھىرى نامىنىڭ ئىزاھىتى نېمە؟
10ـبارسېلون شەھەرىنىڭ نامى كىملەر تەرىپىدىن بېرىلگەن؟ ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى نېمە؟

11ـئازىيا ـ ۋە ياۋروپپا قىتەلىرىنىڭ چېگارىسىنى بولۇپ سانىلىدىغان «ئۇرال» دەرьياسىنىڭ نامى نېمە بىلدۈرىدۇ؟

12ـئۆزبەكستانغا قاراشلىق ئاۋتونومىيا قاراقالپاقستاننىڭ مەركىزى شەھىرى بولمىش «نۇكۇس» نىڭ مەنىسى نېمە؟

13ـ14ـ15...

مەن ژۇقىرىدا مىللەتلەرنىڭ نامى ـ ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ياكى خوشنىلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن لەقەم،دەپ ئۆتكەن ئىدىم ھەممىگە مەلۇمكى لەقەمنىڭ ياخشىسىدىن يامىنى كۆپرەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى بىر ھاقارەتلىك لەقەملەر بىر مىللەتنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قالغان ئەھۋاللاردا بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئولتىرىشنى لايىق كۆرمىدىم.

ئۇنىڭدىن سىرت بەزى بىر مىللەتلەرنىڭ يەر ـسۇ،ئاتلىرىنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىغى ھەققىدە يۈرگۈزگەن مۇلاھىزلىرىمنىڭ نەتىجىسىگە ئىشەنچىم تولۇق بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ھەقتە پىكىر يازمىدىم.

ئۆز جاۋابىنى تاپالماي كېلىۋاتقان بۇنداق ئاتالغۇلار ئەتراپىمىزدا ھېلىمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن؛ تۈرك، رۇس، قىرغىز، باشقۇرت، ۋە ھاكازالار بۇ مىللەتلەردىن چىققان بەزى بىر ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىنى ئوقۇپ كۆردۈم، بىراق بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ھولى-ئاجىز ھېچ كىمنى ئىشەندۈرەلمەيد.

خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بىر رىۋايات بار؛كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۈيۈك خاننىڭ نىگارى كۆپتىن كۈتكەن ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، چوڭ توي-تۆكۈن باشلىنىدۇ، ژىراق ئېقىندىن كەلگەن مېھمانلار سوغا-سالاملىرىنى يەتكۈزسە، ھۈنەر ئېگىلىرى قولىدىن كەلگەن ھۆنەرلىرىنى كۆرسىتىپ، بىرى ناخشا ئېيتسا بىرلىرى ئۇسسۇل ئويناپ خاننىڭ خۇشاللىغىغا خۇشاللىق قوشماقچى بولۇۋاتقان پەيتتە، نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغان بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئون قەدەم يەردىن ژىپنى تاشلاپ ژىڭنىنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ

خاننى هەيران قالدۇرۇپتۇ.
ـ بۇ هۇنەرنى قانچە ۋاقىتتا ئۆگەندىڭ؟ دەپ سوراپتۇ خان هەيرانلىقىنى يوشۇرماي.
ئون ژىل كەتتى تەقسىر، ئون ژىلدا ئۆگەندىم ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
خان بىر ئاز ۋاقىت ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن خىزمەتچىلىرىگە بۇيرۇق بېرىپتۇ
ـ بۇ كىشىگە ئون ئالتۇن تىللا مۇكاپات ۋە ئون قامچا ئۇرۇش جازاسى بېرىلسۇن!
ـ نېمە ئۈچۈن تەقسىر؟
ـ دۇنيادا هېچ كىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان هۇنەرنى كۆرسەتكەنلىگىڭ ئۈچۈن ئون ئالتۇن ئەمەس مىڭ ئالتۇن تىللا بېرەر ئىدىم، بىراق هېچكىمگە هېچقانداق پايدا كەلتۈرمەيدىغان بۇ هۆنەرنى ئۆگىنىشكە ئون ژىل ۋاقتىڭنى سەرپ قىلغان ئاخماقلا مۇشۇ قارارنى لايىق كۆردۈم ـ دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن خان.
مېنىڭ بۇ يەردە خان داۋاتقىنىم خەلق، بولۇپمۇ مۇشۇ كىتابقا مۇناسىۋەتلىك خەلقلەر (ئۇلار 7 دەۋلەت ۋە 10 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۇلار ماڭا تىللاسىنى بېرەمدۇ ياكى قامچىسىنى بېرەمدۇ،ئۇ تەرىپى ماڭا نامەلۇم. هەر هالدا مۇشۇ يېزىلغانلارنىڭ ئەڭ بولمىغاندا تەڭ يېرىمى بولسىمۇ ئۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ،ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بوشلۇقىغا ئازراق بولسىمۇ يورۇق چۈشۈرۈپ بېرەلىگەن بولسام،ئۆزۈمنى بەختلىك هېس قىلار ئىدىم.
تامام

ستوكگولم ـ ئالماتا
2011ـ2014 نويابىر.

# مېنىڭ قىسقىچە تەرجىمە ھالىم

مەن دورژىېۋ سىڭە ئوغلى ئەركىن 1947-ژىلى ھازىرقى خىتاي خەلق رېسپۇبلىكىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىغا قاراشلىق بورتال (بۆرتىلا) شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىدە تۇغۇلغان ئېكەنمەن. تۇغۇلغان ۋاختىمدا قويۇلغان موڭغولچە ئىسمىم-ئىرىگدىن. مەن تۇغۇلۇپ بىر نەچچە ژىلدىن كېيىن ئائىلىمىز دادامنىڭ خىزمىتى سەۋەبى بىلەن ئۇرۇمچى شەھەرىگە كۆچۈپ باردۇق، بىز تۇرۇۋاتقان ئۆيىنىڭ يېنىدىلا ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى بولغانلىقتىن ئاتا-ئانىلىرىم مېنى شۇ مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپىغا تاپشۇرغان ئېكەن. ئەركىن ئىسمىم بولسا مانا مۇشۇ ئۇيغۇر مەكتىۋىنىڭ بىرىنچى سىنىپىغا ئوقۇشقا چۈشكەن ۋاقتىتا، مېنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر مۇەللىملىرىم تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىسمىم.

1964-ژىلى ئورتا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلьتېتىغا قوبۇل قىلىندىم. بۇ بىلىم دەرگاھىدا 1968-ژىلى ئوكتيابرь ئېيىغىچە تەلىم ئالدىم. شۇ ژىلىنىڭ نويابىرь ئېيىدا،شۇ زاماندا خىتايدا ژۈرگۈزىلۋاتقان ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ زۇلۇم-كۈلپەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، گېگرافىيالىق جەھەتتىن يېقىن قوشنىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلگەندىن كېيىن، قازاقستاننىڭ ئالمۇتا شەھەرىگە ئورۇنلىشىپ ھەر خىل كارخانىلاردا شوفېر بولۇپ ئىشلەپ ژۈردۈم. سوۋېت ئىتتىپاقى

تارقىلىپ چېگىرانىڭ تۆمۈر ئىشىكلىرى ئېچىلغاندىن كېيىن،ئۇزۇندىن بېرى ئارمان قىلىپ ژۈرگەن ـ دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرنىڭ قانداق ھايات كەچۈرۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن ياۋروپپاغا كېتىپ قالدىم. شۋېتسىيادا 10 ـ ژىلدىن ئارتۇق ھايات كەچۈرۈپ قايتىدىن ئالماتاغا قايتىپ كەلدىم. بۇ سەپەر ھەم مەن ئۈچۈن چوڭ بىر ھايات ئۇنىۋېرسىتېتى بولدى.

ھازىر نارگىس ئىسىملىك قىزىم ۋە 3 نەۋرەم بار.

ئورتا ئازىيادا ياشايدىغان تۈركى تىللىق خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلىنى يامان ئەمەس بىلىمەن. ئۇنىڭدىن سىرت، موڭغۇل، رۇس، خىتاي، شۋېد تىللىرىنى ھەم ھەرخىل دەرىجىدە بىلىمەن.

# پىكىرلەر ئۈچۈن

**دورژىېۋ ئەركىن ـ ئىرىگدىن**

**موڭغولمۇسەن ـ ھونغولمۇ**

دىزاين ۋە تېخ.رېداكتور: خۇرشىدەم ھېزىموۋا

ئوفسېتلىق قەغەز
ھېرىپ تۈرى: Times New Roman
ھەجمى: 3,5 ب.ت.
تارىلىمى: 500 نۇسخا.